# غۇنچەم

## زۇنۇن قادىرى

(ئۈچ پەردە بەش كۆرۈنۈشلۈك دراما)

## قاتناشقۇچىلار

غۇنچەم ـ ئەقىللىك، ئىشچان قىز، 17 ياشلاردا
نۇرۇم ـ ئىشلەمچى يىگىت، 20 ياشلاردا (غۇنچەمنىڭ ئاشىقى)
زورىخان ـ غۇنچەمنىڭ ئانىسى، 50 ياشلاردا
مەشرەپ ـ شاڭيۇنىڭ مالىيى، 30 ياشلاردا
پاتەمخان ـ مەشرەپنىڭ ئانىسى، 48 ياشلاردا
تۇرغان ـ ياللانما دېھقان، 25 ياشلاردا
ئامانتاي ـ شاڭيۇنىڭ مالچىسىنىڭ 20 ياشلاردىكى ئوغلى
ئازنىباقى ـ كەمبەغەل دېھقان، 50 ياشلاردا
ياقۇپ ـ كەمبەغەل دېھقان، 35 ياشلاردا
ئۆمەر شاڭيۇ ـ پومېشچىك، 45 ياشلاردا
شەرۋان ـ ئۆمەر شاڭيۇنىڭ خوتۇنى، 38 ياشلاردا
سېيىت ـ ئۆمەر شاڭيۇنىڭ ئوغلى، 17 ياشلاردا
باسىت ـ ئەللىكبېشى، 40 ياشلاردا
ھاشىمباي ـ قوشۇمچە سودىگەرلىك قىلىدىغان باي دېھقان، 45 ياشلاردا
يايىلار، بىر قانچە ئەر ـ ئايال دېھقانلار ۋە يىگىتلەر.

## بىرىنچى پەردە

غۇنچەمنىڭ دادىسىدىن قالغان ھويلىسى، سەھنىنىڭ ئارقا تەرىپى ئالمىلىق باغ بولۇپ، ھويلا بىلەن باغنى تالدا توقۇلغان قاشا ئايرىپ تۇرىدۇ. سول تەرىپىدە ئۆينىڭ ئىشىكى ۋە پەنجىرىلەر كۆرۈنىدۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا چېچەكلىگەن كاۋا بارىكى، باراڭ ۋە قاشا ئەتراپىدا چىرايلىق ئېچىلغان تۇرلۇك گۈللەر باھارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى، غۇنچەم بوراندا قېقىلىپ كەتكەن ئالمىلارنى سېۋەتكە تېرىپ يۇرۇپ ناخشا ئېيتىدۇ.

ئالمىلار پىشاي دەپتۇ،
شاخ ـ شېخىدا مەي بولۇپ.
يار بىزدىن يامانلاپتۇ،
بۇلۇت توسقان ئاي بولۇپ.

مەن بارايمىكىن ئۇندا،
يار كېلەرمىكىن مۇندا.
يارغا يار كېرەك بولسا،
قول سېلىپ كېلەر مۇندا.

(باراڭغا كېلىپ، ئالمىلارنى يېرىپ قاق سالىدۇ).
ئاخشامقى بوران ئاچچىقىنى ئالمىلاردىن ئاپتۇ ـ دە،
توك ئالمىلارنى تازىمۇ قېقىۋېتىپتۇ.
(قولىدا ئوتىغۇچ، زورىخان كىرىدۇ).

زورىخان: نېمە قىلىۋاتىدىغانسەن قىزىم، ئوتياشلارنى ئوت بېسىپ كېتىپتۇ، ئىككىمىز بىر بولۇپ، ئوتىۋەتسەك بولاتتى.

غۇنچەم: بوراندا قېقىلىپ كەتكەن ئالمىلارنى قاق سېلىۋېتەي.

زورىخان: ئۇ...ي پايدىسى يوق ئىشنى قويۇپ تۇرساڭچۇ، ئۇنى بىكار ۋاقتىڭدا قىلىۋالارسەن. ئاۋۋال ماۋۇ ئوتياشلارنىڭ ئىشى زۆرۈر ئەمەسمۇ. ئوتقا چېقىلىدۇرۇپ قويساق، شۇنچە قىلغان ئەمگىكىمىز زايە بولۇپ كېتىدۇ.

غۇنچەم: ھەش ـ پەش دېگۇچە ماۋۇ سېۋەتتىكىنى جايلىۋېتىمەن. ئىسسىقنىڭ ئېشىپ قالغان چاغلاردا قاق سۇ چىلاپ بېرىمەن ئەمەسمۇ ئاپا. شۇ ۋاقىتتا خوي ئىش قىپتىكەنسەن قىزىم دەپ قالارسەن.

زورىخان: ئۇ سۆزۈڭغۇ راست قىزىم، بىزنىڭ باشقا دېھقانچىلىقىمىز بولمىغاندىن كېيىن تېرىغان ئوتيېشىمىزغا ئوبدانراق قارىساق بولىدۇ. ئاۋۋال قورساق تويىدىغان ئىشقا يۈگۈر، ماقۇلمۇ. ئالمىلار ئۇسساپ كېتىپتۇ، ئۇنى سۇغىرىش كېرەك ئىدى، باغنىڭ شورىلىرىنى توراش كېرەك ئىدى. ھېلىقى ئەركە ـ تايتاڭ ئىككى بايۋەچچى ھېلىتىنلا پىشمىغان كۆك ئالمىلارنى ئوغرىلاشقا باشلاپتۇ. خويمۇ تويۇپ كەتتىمغۇ شۇ ئۈمەر شاكىيۇنىڭ شۇملىرىدىن.

غۇنچەم: ئالما بىلەنلا قانائەتلىنىدۇ دەمسەن ئۇلارنى، تۇنۇگۈن كەچقۇرۇن گۈگۈم چۈشكەندە بوران چىقىشقا باشلىدىغۇ؟

زورىخان: ھە.

غۇنچەم: بوران ئالمىلارنى قېقىۋەتتىمىكىن قاراپ باقاي دەپ باغقا چىقسام، سېيىت دېگەن ماڭقىسى شورىدىن چۈشۈپ كاتەكتىن توخۇ ئوغرىلاۋاتىدۇ، يوغان چالما بىلەن گەجگىسىگە بىرنى قويدۇم.

زورىخان: ئۆلتۈرۈپ قويۇپ بالاغا قالما، ئۇ جۇۋاينىمەكنى يەنە.

غۇنچەم: بېشىنى يېسۇن هارام تاماق، تېخى ئاغزىنى يامان قىلىپ ئۇرغىلى كېلىۋاتىدۇ، كۆسەي بىلەن دۈمبىسىگە بىرنى قويۇۋىدىم، ئېشەكتەك تۈرۈپ يىغلاۋاتامدۇ... (كۈلۈپ كېتىدۇ)

زورىخان: ئۇ ئۆكتەملەرنىڭ دەستىدىن قانداقمۇ كۈن ئالار كىشى.

غۇنچەم: هە بوپتۇلا دەپ قويۇپ بەرسەڭ بېشىڭغا چىقىۋالىدۇ. بىكار تەلەپ تويمىغۇرلارنىڭ جاجىسىنى بېرىش كېرەك.

زورىخان: بىز قانداق جاجىسىنى بېرەلەيمىز، ئېسىڭدىن چىقتىمۇ، بۇلتۇر ئالمىلار ئەمدىلا پىشاي دېگەندە شۇ سېيىت دېگەن مەرەز كېچىسى تۆت لۈكچەكنى ئەگەشتۈرۈپ كىرىپ نېمىلەرنى قىلدى؟ بىزنى قاڭغىر ـ قاقشىتىپ تۈرۈپ، كۆزىمىزچە ئالمىلارنى قېقىپ، تاغار ـ تاغارلاپ ئېلىپ چىقىپ كەتكەنىدىغۇ. ئەللىكبېشىغا ئەرز قىلسام، شاڭيۇغا بېرىڭ دەيدۇ، شاڭيۇغا بارسام «بولدى، مەن ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قوياي» دەپ يولغا سالدى. ئۇنىڭ پېشانىسىگە تاك ئېتىپ بىرنى چەككىنى قېنى؟ ئالمىنى ئۆيگە تۆكۈپ قويغاندا شاڭيۇمۇ ماكىلدىتىپ ئوبدان يېگەن بولغىيدى. بۇلاڭچى بولسا بالىسى، سوراقچى بولسا دادىسى ـ دە، بىزنىڭ دادىمىز نەگە يېتىدۇ دەيسەن.

غۇنچەم: ياخشىمۇ دادام رەهمەتلىك مۇشۇ باغنى قىلىپ قويۇپتىكەن، بولمىسا قانداق قىلاتتۇق.

زورىخان: داداڭ ئۆزى كەمبەغەل بولغان بىلەن، كىشىنىڭ هەققىدىن قورقىدىغان، ئىنساپلىق، ئىشچان ئادەم ئىدى، قولى گۈل ئىدى ـ دە، ئۇ رەهمەتلىكنىڭ، تىككەن كۆچىتى زايە بولماي تۇتاتتى.

غۇنچەم: باغۋەنكەن ـ دە، هە ئاپا دادام.

زورىخان: ۋاي، بىر دەمسەن ئۇنى، ئۇستا باغۋەن ئىدى. مۇشۇ ئالمىلارنىڭ كۆچەتلىرىنى خۇددى كىچىك بالىنى پەپىلەپ چوڭ قىلغاندەك ئۆستۈرگەنىدى. (جىم) تۇۋا! دۇنيادا ئەجەب ئىنساپسىز ئادەملەر بار ـ دە، ئۇلاپ قويغان كۆچەتلەرنى ئوغرىلىشىپ ياكى زىتلىشىپ يۇلۇپ تاشلىۋېتىپ، شۇ رەهمەتلىكنىمۇ قاقشىتاتتى.

غۇنچەم: شۇنچە يەرلىرى بىكار تۇرۇپ يا ئۆزلىرى باغ قىلمايدىكەن، خەق باغ قىلسا كۆرەلمەيدىكەن، ئىچىدە ئوغا قاينايدىغان ئادەملەر ـ دە ئۇ.

زورىخان: مانا شۇ باستى ئەللىكبېشىمۇ شۇنداق ئىچىدە ئوغا قاينايدىغان ئادەم، ئۇ بۇرۇندىنلا بىزگە ئۆچ.

غۇنچەم: ئارپىسىنى خام ئورىغانمىكەنمىز ئۇنىڭ؟

زورىخان: بىر كۈنى تازا جامائەت يىغىلغان يەردە، داداڭ ئۇنى غالچىدىن ـ غالچىغا سېلىپ، بەگلەرنىڭ تاپىنىنى يالايدىغان يالاقچى، خۇشامەتچى دەپ تازا تىللاپتىكەن، شۇندىن بېرى بىزگە قەۋەتلا ئۆچلۈك قىلىدۇ.

غۇنچەم: خوي ئىش قىپتىكەن دادام.

زورىخان: باستت ئۇ كۈنى سىلەر ھاشارغا بارمىدىڭلار، ئارپا ـ بېدە، ھارۋا سېلىقلىرىدىن قالغان پۇلنى تۆلىمىدىڭلار، ئۇستەڭدە سۇ ئاز، ھازىر سىلەرگە سۇ بېرەلمەيمىز دەپ ۋالاقلاۋاتىدۇ.

غۇنچەم: ۋىيەي، ئۇستەڭگە دەپ باغدىن نەچچە ھارۋا شاخ بېسىپ كەتتىغۇ. بىزنىڭ تېرىلغۇ يېرىمىز بولمىسا، بىر پارچە باغقىمۇ شۇنچە سېلىق چۈشەمدىكەن. پۇلىمىز يوق دېگىنىگە ئۇنىماي ئىككى يۈز تۇخۇم، بەش توخۇنى سېلىققا ھېسابلاپ بەردۇققۇ.

زورىخان: ئۇلار ھېچنېمىگە دال بولمىغۇدەك، بىزدە بىرقانچە سېلىق يىغىلىپ قاپتۇدەك. ئۇ باغنىڭ كۆكىنى سېتىپ، يەنە سەكسەن قانچە تەڭگە بېرىسىلەر دەيدۇ. قوينۇم ئوغرى، قونچۇم ئوغرىلار.

غۇنچەم: يۈزلەپ خو يېرى بارلارنىڭ ئېتىزلىرىدا تېشىپ ئاققان سۇ، ئەجەب بىزدەك كەمبەغەللەرنىڭ بىرنەچچە غۇلاچ ئېرىقىنى ئايلىنىپ چىقىپ كېتىشكە يەتمەيدىكىنە.

زورىخان: ئۆيدە ئەر كىشى بولمىغاندىن كېيىن ئاجىز دەپ بىزنى بوزەك قىلىدۇ ـ دە، جوۋاپىنىمەك كەتكۈرلەر. مۇشۇنداق ئىشنىڭ بېسىق ۋاقتىدا نۇرۇم نەدە يۈرىدىغاندۇ، خېلى كۈن بولدىغۇ شۇ بالا ئۆيگە كەلمىگىلى.

غۇنچەم: بۈگۈن ئون بەش كۈن بولدى.

زورىخان: توۋا! نېمە قىلىپ يۈرىدىغاندۇ.

غۇنچەم: ئاڭلىسام لايىقۇتلىشىۋاتقانلارنىڭ ئارىسىدا ئىشلەپ يۈرىدۇ دەيدۇ.

زورىخان: ئۇ لايىقۇت ئۇتكۈزگەنلەرنى بىز قەيەرگە ئەكىلىپ ئىشلىتەرمىز.

غۇنچەم: ئاپا نۇرۇمنى باشلاپ كېلىپ ئېرىقلارنى قىردۇرساڭ بولمامدۇ.

زورىخان: راست، شۇنىڭغا دەيدىغان گەپلىرىممۇ بار ئىدى. كېچىكىپ كېتىپ بارىدۇ. توختا، مەن بېرىپ تېپىپ كېلەي. (ئورنىدىن تۇرىدۇ) غۇنچەم سەن گۈللەرنىڭ تۈۋىنى يۇمشىتىپ تۇر. نۇرۇم كېلىپ قالسا، سۇ باشلىتىپ كېلىمىز.

غۇنچەم: ماقۇل، چاپسانراق كەلگىن ئاپا. (زورىخان ماڭىدۇ). توختاپ تۇرغىنا، ئۆيدە پەقەت چاي قالماپتۇ. (يۈگۈرۈپ ئۆيگە كىرىپ تۆت دانە تۇخۇم كۆتۈرۈپ چىقىدۇ). بۇنىڭغا چاي ئالغاچ كەلگىن. (زورىخان چىقىپ كېتىدۇ). ئۆزىچە مەندىن يوشۇرۇپ يۈرىدۇ. ئاپامنىڭ دەيدىغىنىمۇ، نۇرۇم ئىككىمىزنىڭ دەيدىغىنىمىزمۇ بىرلا گەپ. نۇرۇمنىڭ بىزدىن كۆڭلى ئاغرىپ قالدىمىكىن، سەل ئۆزىنى چەتكە تارتىشقا باشلىدىغۇ. ياق، مەندىن كۆڭلى ئاغرىغۇدەك ھېچ ئىش ئۆتكەن يوق، ئاپامنىڭ ئاغزىغا قاراۋېرىپ، ئۇنىڭ دەيدىغىنى ھېچ ئېغىزدىن چىقمىغاندىن كېيىن، قېيدامدىكىن ئەتىمالىم، دىلى يامان نازۇكچۇ

نۇرۇمنىڭ، (يېنىك شامال سوقىدۇ ۋە بۇلبۇل سايرايدۇ). ئۇھ ... بۇلبۇل! ئەجەب سالقىن شامال چىقتا! شۇنداق چىرايلىق چاغلاردا نۇرۇم بىلەن ئېتىزلاردا كەچكىچە ئىشلىسەك، ئۆتكەن كۈنلەر بىلىنمەس ئىدى.

(قاشانىڭ ئىچ تەرىپىگە ئۆتۈپ، ئېچىلغان گۈللەرنىڭ تۈۋىنى يۇمشىتىپ ناخشا ئېيتىدۇ.)

باغلار ئارا شامال ئۇچۇپ، سېنى ئەسلەتتى،
گۈللەر ئارا بۇلبۇل سايراپ، سېنى كۆرسەتتى.

كۆزۈم تىكىپ نۇرۇم ساڭا، يۈرىكىم تەشنا،
يار ـ يار دەپ كېچە ـ كۈندۈز باقتىم يولۇڭغا.

يارىم بىلەن بىللە ئۆسكەن، بىز بۇ مەلىدە،
باشتا كۆيۈپ ۋەدە قىلغان، چىمەنلىككەلەردە.

ئويناپ ـ كۈلۈپ بىللە ئىشلەپ يۈرگەن چاغلىرىم،
سەھەرلەردە ئېتىز ئارىلاپ سېنى سېغىندىم.

(زورىخان بىلەن نۇرۇم كىرىدۇ، غۇنچەم گۈل قىسقان قولىدا ئۇتىغۇچ، قارشى ئېلىش ئۇچۇن قاشانى غورۇسى ئارىلىقىغا ئۆتىدۇ).

نۇرۇم: تېچمۇسىز غۇنچەم؟
غۇنچەم: ئۆزىڭىز تېچلىقمۇ؟
زورىخان: (نۇرغا قاراپ) ئولتۇر بالام. ئۇھ ... ھېرىپ كەتتىما. (نۇر بىلەن زورىخان ئولتۇرۇشىدۇ). ئازراقلا ماڭسام يۈرىكىم سېلىپ، ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلىپلا قالىدىغان بولدۇم. غۇنچەم سەن باغقا چىقىپ چاي قايناتقىنا. (غۇنچەم يەر ئاستىدىن نۇرغا قاراپ كۈلۈپ قويىدۇ).
غۇنچەم: چاي ئالغاچ كەلدىڭمۇ ئاپا؟
زورىخان: (ياغلىقىنىڭ ئۇچىدىن ئازغىنا چاينى يېشىپ ئېلىپ) سودىگەر دېگەندە ئىنساپمۇ يوق. مانا مۇشۇنىلا بەردى. (ئالقىنىغا ئېلىپ كۆرسىتىپ غۇنچەمگە بېرىدۇ).
نۇرۇم: كىمدىن ئالدىڭ چوڭ ئاپا! (غۇنچەم چېلەك بىلەن نوگاينى ئېلىپ باغقا چىقىدۇ).
زورىخان: بۇ مەھەللىدە قانچە دۇكان بار دەيسەن، ئاشۇ ھاشىم باينىڭ دۇكىنىدىن.
نۇرۇم: ئۆتۈپ كەتكەن جازانىخور ئۇ، كىم قىلتاقتا چۈشەركىن دەپ مارايلا تۇرىدۇ.

زورىخان: خۇدايىم ئۆزى ئىنساپ بەرسۇن «ئوتتۇرىدا بۇرۇن بولمىسا، ئۇ كۆز بۇ كۆزنى يەيدۇ» دەپتىكەن، ئادەملەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىنساپ بولمىسا، بىكار دېگىنە بالام. (جىم) ئۇنى قويۇپ تۇرايلىچۇ، مېنىڭ ساڭا دەيدىغان بىر گېپىم بار ئىدى، قارا نۇرۇم! سەنمۇ ئۇ يەر بۇ يەردە بىكار ئاۋارە بولۇپ يۈرمە. بىز بولساقمۇ يالغۇز، سېنىڭمۇ بىزدىن باشقا كىمىڭ بار. مەن بولسام قېرىپ قالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈندىن ـ كۈنگە كېسەل چىقىپ كېتىپ بارىدۇ. (غۇنچەم ئالما ياغىچىنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ تىڭشايدۇ). ئاپاڭ رەھمەتلىك جان ئۈزۈش ئالدىدا ماڭا ۋەسىيەت قىلىپ: «دۇنيادا بىرلا ئوغلۇم قالدى. ئاۋۋال خۇداغا، ئىككىنچىدىن ھەدە ساڭا تاپشۇردۇم، ئۆزۈڭ بالا ـ قۇلۇن قىلىۋالارسەن» دېگەنىدى. (كۆز يېشى قىلىدۇ). سەن بولساڭمۇ چوڭ بولدۇڭ، غۇنچەممۇ چوڭ بولۇپ قالدى. ئەمدى ئىككىڭلارنىڭ بېشىنى بىر يەرگە قىلىپ قوياي دېسەم، مەندە ئارتۇق بىر نېمە يوق. يا سەن ئىشلەپ تۈزۈكرەك بىر نەرسە تاپالمىدىڭ. ئۇنىڭ ـ بۇنىڭغا بىكارغىلا قارىشىپ بېرىپ يۈرىدۇ، دەپ ئاڭلايمەن. بىر كېچىدىلا پەتە ئوقۇپ قوياي دېسەم، غۇنچەممۇ بىر تال قىز، سەنمۇ بىر تال ئوغۇل. خەلقى ـ ئالەمنىڭ ئالدىدا سۆز ـ چۆچەككە قالىدۇ كىشى. «ھە... خەقنىڭ تويىنى ئويناڭ دېسە، خويمۇ ئويناڭ. ئۆزىگە كەلگەندە يەڭ ئىچىدە» دېيىشىدۇ. بىرەرىنىڭكىدە چاڭگۇڭ تۇرۇپ، ھېچ بولمىسا، تويىنىڭ ئاش ـ سۈيى ئۈچۈن بىرەر توپاق، بىرەر خو گۆرۈچ، شۇنىڭغا يەتكۈدەك ياغقا پۇل تاپساڭ، بىزمۇ باغنىڭ ھوسۇلىنى يىغىشتۇرۇپ قەن ـ گېزەك، يىرتىش ئۈچۈن رەخ ـ پەخ ئالساق، ئاناڭدىن قالغان ئانچە ـ مۇنچە بىر نەرسىلەر بار، بىزنىڭمۇ تاپقان ـ تۈگكەنلىرىمىزنى قېتىش ـ قۇرۇش قىلىپ، ئىككىڭلارنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويسام دەيمىنا. ۋاي ...ي، باللىرىم... (باغقا قاراپ) غۇنچەم چېيىڭ قايىنىغان بولسا ئەكەلگىنە.

غۇنچەم: مانا ھازىر.

(زورىخان جوزا قويۇپ داستىخان سالىدۇ. غۇنچەم ئاپقۇر چىنە، كورىدا چاي، سۇتلەرنى توشۇپ كېلىپ ئەتكەنچاي ئېتىدۇ).

زورىخان: (نۇرۇمغا چاي قۇيۇپ بېرىپ) نۇرۇم سەن چاي ئىچىپ تۇر. مۇشۇ مەھەللىدە ئىشلەشكە ساڭا لايىقراق بىر ئورۇن بارمىكىن سۈرۈشتۈرۈپ باقاي. (مېڭىپ توختاپ) نۇرۇم چېيىڭنى ئىچىپ بولۇپ، ئالمىلارغا سۇ بارىدىغان ئېرىقنى قىرىۋەتكىنە.

نۇرۇم: بولىدۇ چوڭ ئاپا. (زورىخان چىقىپ كېتىدۇ).

غۇنچەم: قېنى ئىچىڭە نۇرۇمكا، كىچىككىنە قايمىقىدىن، (چاينىڭ يۈزىدىكى قايماقنى قۇيۇپ بېرىدۇ)

سىز بىزنى ئۇنتۇپ قالدىڭىز ـ ھە... (كۈلۈمسىرەيدۇ).

نۇرۇم: سىز ئۇنتۇمىسىڭىزلا بولاتتىغۇ.

غۇنچەم: ھە، شۇنىڭ ئۈچۈن قېچىپ يۈرۈپتىمەن ـ دە، قانچە كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى. ئەسلەپمۇ قويماپتىمەن. زادى باغرىم قاتتىقچۇ مېنىڭ، سىغىنىشنى بىلمەيمەن.

نۇرۇم: ئەجەب ئەگىتمە گەپلەرگە ئۇستا بولۇپ كېتىپسىز! غۇنچەم، كىچە ـ كۈندۈز مېنىڭ خىيالىم سىلەردە.

غۇنچەم: ۋاي تېخى، ئۇستىلىق دېگەن مانا.

نۇرۇم: نېمە ئۇستىلىق بار دەيسىز بۇ گەپتە، راستىنى ئېيتسام، مۇشۇ كۈنلەردە بىرلا خۇشاللىقىم بار، ئۇ بولسىمۇ پەقەت سىز. مېنىڭ يۈرىكىم سىزنىڭ خىيالىڭىز بىلەن ياشىرىدۇ. سىزگە تىنماي قاراپ ئولتۇرغۇم كېلىدۇ.

غۇنچەم: ۋاي تېخى، ئەمىسە نېمىشقا ئۆزىڭىزنى بىزدىن چەتكە تارتىسىز، كۆڭلىڭىزنى يا مەن ئاغرىتىپ قويدۇممۇ؟

نۇرۇم: سىزدىن نېمىشقا كۆڭلۈم ئاغرىسۇن ھە... شۇ... يەنە بىرىپ تاقىشىدىغان يېرى پۇل ئىكەندە، پۇل تېپىش كېرەك ئىكەن غۇنچەم.

غۇنچەم: ۋاييەي، جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان. پۇل ـ پۇل دەپ بىز دۇكان ئاچاتتۇقمۇ.

نۇرۇم: سىز ئۇنداق دېگەن بىلەن ئاپىڭىزنىڭ گېپى باشقا.

غۇنچەم: ئاپام سىزنى مەندىنمۇ بەك ياخشى كۆرىدۇ.

نۇرۇم: توغرا ئېيتىسىز، مەنمۇ ئۇنى ياخشى بىلىمەن، ھەممىمىزنىڭ ئويلىغىنى بىر. بىراق چوڭ ئاپامنىڭ ئېگىز بىر داۋنى بار، شۇ ئىككىمىزنى بىرلەشتۈرمەي توسۇپ تۇرىدۇ. مانا شۇ داۋاندىن چىقىش تەس بولۇۋاتىدۇ.

غۇنچەم: مېنى سىزدىن قاچۇرۇۋاتمايدىغۇ؟

نۇرۇم: سىزنى مەن بىلەن كۆرۈشتۈرمەيۋاتىدۇ دېگەن گەپ ئەمەس.

غۇنچەم: ئەمىسە نېمە دېگەن سۆزىڭىز ئۇ؟

نۇرۇم: مېۋە پىشقان، گۈللەر ئېچىلغان. ئۆزۈڭ باغۇەن تۇرۇپ گۈلنى قىسماي، مېۋىسىنىڭ شەربىتىنى تېتىيالمايۋاتىسەن، ئەگەر مېۋىگە قۇرت چۈشسە، ئىشنىڭ تۈگىگىنى دېگەن سۆز.

غۇنچەم: قىزىق گەپ قىلىسىز نۇرۇم. باغۇەننى گۈل ئۈزۈشتىن، مېۋە يېيىشتىن كىم توسۇپ قويىدۇ؟

نۇرۇم: ئاپىڭىز. (جوزىدىكى گۈلنى ئويۇن قىلىپ ئاتىدۇ). شەيتان قىز، ھېچنېمىنى بىلمەس بولۇۋالغىنىنى قارا! ئاپا، بىزنى ئاۋارە قىلما دېسىڭىز بولمامدۇ؟

غۇنچەم: ئۇ... ئاپام سىزنى نېمىشقا توسۇپ قويىدۇ. قېنى قانداق؟

نۇرۇم: راست شۇنداق، گۈلنى ئۈزسەڭ تاۋار ياغلىقتا ئورا دەيدۇ.

غۇنچەم: (گۈلنى ياندۇرۇپ ئېتىپ) پاھ گەپلىرىنى، قۇۋ، يامان قۇۋ، توختاپ تۇرۇڭ. (ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ).

نۇرۇم: نېمە قىلىدىغاندۇ، بۇ قىز. ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ ئادەمنى گەپكە سالىدۇ ـ دە. (جىم) بۇ بىچارىمۇ قانداق قىلىدۇ. ئانىسىغا بىر نېمە دەي دېسە يەنە ئاللا ـ كاللا، مېنى ئۆلتۈردىڭەي دەپ ۋاي سالىدۇ. ماڭا بىر نېمە دەي دېسە ئەھۋالنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئوتتۇرىدا

خىجالەت بولىدۇ ـ دە، ئەقىلىلىك قىز، دەردىنى ئۆزى تارتىدۇ. (غۇنچەم بىر موخۇركا خالتا، چۆرىسىگە گۈل تىككەن بىر قولياغلىقنى ئېلىپ چىقىدۇ).

غۇنچەم: مانا سىزگە تاۋار ياغلىق. گۈل ئورىۋېلىڭ. مانىڭدا ھەر قېتىم تاماكا چەككەندە، تىككەن كىشىنى بىر ئەسلەپ قويارسىز.

نۇرۇم: رەھمەت. سىز نېمىشقا ئاۋارە بولىدىغانسىز. (تاماكا خالتىسى بىلەن ياغلىقنى قوينىغا سالىدۇ). ئالمىنىڭ ئېرىقىنى چېپىۋېتەيچۇ. (كەتمەننى ئېلىپ، باغقا چىقىدۇ).

غۇنچەم: (جوزىلارنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ) بىچارە نۇرۇم تازا خىجالەتچىلىكتە قالدى ـ دە، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاپامنىڭ ئادىمگەرچىلىكىنىڭ قاتتىقلىقى، ھە دېسە، «مەن خەقتىن قالاتتىممۇ» دەپ ئابروي تالىشىدۇ، چاي ئىچۇرىمەن، بوسۇت ئاپىرىمەن، دەپ يۇرۇپمىغۇ، دادامدىن قالغان بەش ـ ئالتە خو يەرنى سېتىپ بولدى. كەمبەغەل بولغاندىن كېيىن، نۇرۇم دېگەندەك چوڭ توي بىزگە چىققىلى بولمايدىغان بىر داۋان ـ دە. (غۇنچەم ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ. باغدا كاككۇك سايرايدۇ. نۇرۇم ناخشا ئېيتىدۇ).

كاككۇكلار كېلىپ قوندى،
ياشارغان تېرەكلەرگە.
يارىمنى كۆرۈۋىدىم،
ئوت كەتتى يۇرەكلەرگە.

(غۇنچەم تىڭشاپ تۇرىدۇ)

ئېچىلدى سۇنۇق كۆڭلۇم،
قىپقىزىل قىزىلگۈلدەك.
قاچانغىچە يۇرەرمىز،
كاككۇك بىلەن زەينەپتەك.

غۇنچەم: (ئاغزىنى تۇتۇپ كۈلۈپ) ناخشىنىڭ قىزىقلىقىنى، نۇرۇم ئەجەب ناخشا ئېيتىدۇ ـ دە، دۇتارنىمۇ قەۋەتلا چىرايلىق چالىدۇ. توختا، ئاپام كەلگۈچە بىردەم دۇتار چالدۇرايچۇ. (باغقا يۇگۇرۇپ كىرىپ) نۇرۇم مەيەرگە كېلىڭە بىر گېپىم بار.

نۇرۇم: ھە، دەۋېرىڭ قۇلىقىم سىزدە.

غۇنچەم: ياق، مەيەرگە كەلسىڭىز ئاندىن كېيىن دەيمەن. (نۇرۇم يېقىن كېلىدۇ).

نۇرۇم: ھە، مانا كەلدىم، نېمە دەيسىز؟

غۇنچەم: ناھايىتى قىزىق گەپ دەڭە! جۇرۇڭ باراڭدا ئولتۇرۇپ سۆزلەپ بېرىمەن.

نۇرۇم: قانداق گەپتۇ ئۇ. (نۇرۇم كېلىپ ئولتۇرىدۇ. غۇنچەم تۇمار ـ مونچاقلار ئېسىلغان دۇتارنى ئەكىلىپ نۇرۇمغا تۇتقۇزىدۇ).
غۇنچەم: مانا مېنىڭ گېپىمنى مۇشۇ دۇتارنىڭ تارىلىرى سۆزلەپ بېرىدۇ.
نۇرۇم: ھەي شەيتان قىز، مېنى ئالداپسىز ـ دە.
غۇنچەم: ھېچ ئالدىغىنىم يوق. ئۇزۇن بولدى، سىزنىڭ ناخشىلىرىڭىزنى سېغىندۇق. بىردەم دۇتار چېلىپ بېرىسىز ـ دە ئەمدى.
نۇرۇم: سىز ئۇسسۇل ئوينىسىڭىز چېلىپ بېرىمەن.
غۇنچەم: مەيلى چېلىڭ، ئوينايمەن. (نۇرۇم دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتىدۇ، غۇنچەم ئۇسسۇل ئوينايدۇ).

سەھەردە شامال چىقسا،
گۈل شاخى ئىغاڭلايدۇ.
غۇنچەمنىڭ بويى زىلۋا،
بۇلبۇل قوندۇرالمايدۇ.

يارنىڭ بېغى ئالمىلىق،
ئالمىلارنى ئۈزمىدۇق.
ئىشقى يولىغا كىرىپ،
ھېچنېمىنى سەزمىدۇق.

يارنىڭ بېغىدا لەيلى،
ماڭا بارمىكىن مەيلى.
بولسا ـ بولمىسا مەيلى،
مەن يارنىڭ قەلەندەرى.

(غۇنچەم قاپىقىنى تۈرۈپ ئۇسسۇلدىن توختاپ قالىدۇ).
نۇرۇم: ھوي، نېمە بولدى غۇنچەم؟
غۇنچەم: دەيدىغاننى دەۋېلىپ، يەنە نېمە بولدى دېگىنىنى.
نۇرۇم: مەن سىزگە نېمە دېدىم سىزگە؟
غۇنچەم: سىز مېنى تېخىچىلا سىنىيالماي يۈرۈپسىز ـ دە، ئەسلىدە ئۆزىڭىزدە ئىشەنچ يوق. (يۈزىنى ئۆرۈپ تۇرىدۇ).
نۇرۇم: (دۇتارنى قويۇپ) نېمىشقا ئىشەنچ يوق، زادى نېمە بولغانلىقىنى مەن چۈشەنمەي قالدىمغۇ؟

غۇنچەم: يارنىڭ بېغىدا لەيلى، ماڭا بارمىكىن مەيلى. مەيلى بارلىقىنى كۆرۈڭ دەپ يۇرىكىمنى يېرىپ بەرسەم بولامتىمۇ، نان دەسسەپ بېرەيمۇ؟
نۇرۇم: هە... شۇنىڭغىمۇ خاپا بولامدۇ كىشى، بۇ خەلق ناخشىسىغۇ. ئۇنى مەن سىزگە ئاتاپ چىقارغىنىم يوق.
غۇنچەم: ئەمىسە نېمىشقا ماڭا قارىتىپ ئېيتىسىز؟
نۇرۇم: ئەمدى چېقىشىپ، مۇھەببەت بولسۇن دەپ ئېيتىپ قويدۇم ــ دە.
(يېقىن بېرىپ غۇنچەمنىڭ مۇرىسىنى تۇتۇپ) ماڭا قاراڭ غۇنچەم.
غۇنچەم: (قارىماستىن) تۇتماڭ مۇرەمنى.
(نۇرۇم كەتمەننى مۇرىسىگە سېلىپ، غۇنچەمگە قاراپ ناخشا ئېيتىدۇ).

گۈلۈم غۇنچە ــ گۈلۈم غۇنچە،
نېمە قايرىلىسەن مۇنچە.
پىغاندا بۇلبۇلۇڭ دائىم،
ئېچىلساڭچۇ كۈلۈپ غۇنچە.

(باغ ئىچىگە ماڭىدۇ).

گۈلۈم غۇنچە ــ گۈلۈم غۇنچە،
نېمە كۆيدۈرسەن مۇنچە.
قېشىمدا تۇرمىدىڭ بىردەم،
مېنىڭ كۆڭلۈم ئېچىلغۇنچە.

(غۇنچەم نوگايدا سۇ ئېلىپ، نۇرۇمغا چېچىپ قاچىدۇ. نۇرۇم غۇنچەمنى قوغلىشىپ چىقىدۇ).
نۇرۇم: ئەمدى مەن چاچسام قانداق قىلىسىز؟
غۇنچەم: مەيلى، چىدىغانغا چىقارغان.
نۇرۇم: يەنە ئالا كۆچۈكلەر كېلىپ قالمىسۇن.
غۇنچەم: بولدى ئۇنى تەگمەڭ.
شاڭيۇ: (سىرتتىن) زورىخان، هاي زورىخان، قايسىڭلار بار، هوي!
غۇنچەم: ۋىيەي كىمدۇ؟ (يۈگۈرۈپ باغقا كىرىپ كېتىدۇ، شاڭيۇ كىرىدۇ).
شاڭيۇ: نۇر، سەن بۇ يەردە ئىكەنسەنغۇ، قانداق ئەهۋالىڭ؟
نۇرۇم: يامان ئەمەس شاڭيۇكا، قانداق ئۆزلىرى ئوبدان تۇردىلىمۇ؟
شاڭيۇ: خۇداغا شۈكۈر، سالامەت، زورىخان نەگە كەتتى؟

نۇرۇم: ئەشەدە بىر يەرگە بېرىپ كېلەي دەپ ھازىر چىققانىدى.
(زورىخان كىرىدۇ).
زورىخان: ئەسسالام (تەزىم). شاڭيۇمنىڭ قەدىمى بۇ ياققا يېتىپ قاپتىغۇ؟
شاڭيۇ: سىلىنى يوقلاپ ئۆتۈپ كېتەي دېۋىدىم. قانداق ئەھۋاللىرى ياخشىمۇ، سالامەت تۇرامدىلا؟
زورىخان: يامان ئەمەس شاڭيۇم، ئىشقىلىپ تىرىكچىلىكىمىز كېتىپ بارىدۇ. (نۇرۇمغا قاراپ) ئولتۇر بالام.
شاڭيۇ: ياخشى ـ ياخشى. نەگە بېرىپ كەلدىلە زورىخىنىدە؟
زورىخان: قېرىغاندا مۇشۇ بالىلارنىڭ غېمى، نۇرۇمنى بىر يەرگە ئىشقا تۇرغۇزۇپ قويااي دېۋىدىم. ھېچ ئېپى كەلمەي تۇرىدۇ.
شاڭيۇ: سىلەر بىلەن شىرەم بولسىمۇ تۇغقانچىلىقىمىز بار، بىز تۇرۇپ نۇر كىملەرنىڭ ئالدىدا سارغىيىپ يۈرىدۇ. مانا يېتىملەرگە ئۆزىمىز ئاتا بولىمىز ـ دە.
زورىخان: رەھمەت شاڭيۇم شۇنچىلىك دېگەنلىرىگە.
شاڭيۇ: بىزنىڭ يۇقىرىقى مەھەللىدىكى جاڭزىدا ئىشلەيدىغانغا راسا بىر ئوغۇل بالا كېرەك. ئۇ يەردە «تۇرغان» دېگەن بىر نان قېپى يىللىقچىمىز بار، ئاچچىقىمىز كەلسە، ئۇنىمۇ ھەيدەيمەن. ئۇ چاغدا دېگەندەك ئىككى يىگىت كېرەك. ئۇ يەردە بۇزۇلۇپ ـ چېچىلىپ ياتقان نەرسىلەرنىڭ سانى يوق. نۇر بېرىپ بىزنىڭ ئورنىمىزدا ئىگىدارچىلىق قىلسۇن. يىللىقىنى ئوبدان قىلىپ كېسىپ قويايلى. قانداق دەيدىلا؟
زورىخان: تاڭەي، نۇرۇم ئۆزى نېمە دەيدىكىن؟
نۇرۇم: شاڭيۇكام ئۆزى ئاتىدارچىلىق قىلىمەن دەيدىغۇ، مەيلى ئىشلەپ بېرەي، بىراق يىللىق تۇرمايمەن، چاڭگۇڭ تۇراي.
شاڭيۇ: چاڭگۇڭ تۇرۇشنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتىغۇ؟
نۇرۇم: ئەمدى قالغىنىنى ئۆزىڭىز بىلىسىز، ئىشقىلىپ چاڭگۇڭ ھېسابىدا قار چۈشكىچە ئىشلەپ بېرىمەن ـ دە.
شاڭيۇ: ھە مەيلى ئەمىسە. (قولىنى ساناپ) ئالتە ئاي دەپ قويايلى.
زورىخان: ئالتە ئاي، قېنى ئۇنىڭغا قانچىلىك بىر نېمە بېرىلا شاڭيۇم.
شاڭيۇ: باشقىلار سەككىز ئايلىقنى سەكسەن تەڭگە پۇل، ئىككى خو بۇغداي، بىر قۇر كىيىم ـ كېچەككە تۇردى. ئۇرۇق ـ تۇغقان بولغاندىن كېيىن نۇرغا ئىككى ئايغا قارىماي شۇنداق بېرىمىز ـ دە. ئەلۋەتتە قوينۇڭدىن تۆكۈلسە، قونچۇڭغا دېگەندەك، سىلەرگە كەتسە مەيلى ئەمەسمۇ؟
زورىخان: ئۇغۇ شۇنداق. ئەمدى ئاشۇ سەكسەن تەڭگىگە كىچىكرەك بولسىمۇ بىرەر كالا كەلمەسمۇ. (نۇرۇم كۈلۈمسىرەيدۇ.)
شاڭيۇ: كالىنى نېمە قىلىدىلا؟

زورىخان: ياق، ئەمدى دەيمىنا.

شاڭيۇ: ئەگەر سىغىپ ئىچىمەن دېسىلە، بىزنىڭ ئۆچ ـ تۆت كالا تۇغۇپتۇ. بىرەرىنى ئەكىلىپ سىغىپ ئىچەرسىلەر.

زورىخان: ۋايىيەي، كىشىنىڭ جانلىق مېلىنى تۇتامدىغان. جان بار يەردە قازا بار دەپ بىرەر خېيىم ـ خەتەر بولۇپ قالسا، تۆگىمەسلا چاتاق ـ تە.

شاڭيۇ: ياخشى بېقىپ، سەمرىتىپ، موزىيىغىمۇ جىقراق سۈت قالدۇرسا نېمە چاتىقى بولىدۇ؟

زورىخان: بۇلتۇر مۇنۇ ئارقىدىكى قوشنىمىز ساقى ھاشىم باينىڭ يېرىگە ئورتاق قوغۇن تېرىغانىدى، ھاشىم قوغۇنلۇقتا كېپەك ـ شاپاق بېرىپ، سىغىپ ئىچىڭلار دەپ بىر كالىنى بېرىپتىكەن، موزىيى ئۆلۈپ قېلىپ تېخىچىلا چاتاق بولۇپ تۇرمامدۇ.

نۇرۇم: ئاجرىلىپتىغۇ چاتىغى.

زورىخان: قانداق پۈتۈشۈپتۇ؟

نۇرۇم: ھاشىم باي مېنىڭ كالىلىرىم ئىككى ياشتىلا تۇغىدۇ، بۇلتۇرقى ئۆلگەن موزاي بولسا، بۇ يىل ئىككى ياشقا كىرىپ تۇغاتتى. ماڭا موزايلىق سىيىر تۆلەپ بېرىسەن، دەپ بىچارە ساقىكامنىڭ بىر نەرسىلىرىنى ساتقۇزۇپ بىر بوغاز غونىجىن پۈتكۈزۈۋاپتۇ.

شاڭيۇ: خەۋىرىم بار. راست، ئۇنىڭ كالىلىرى ئۈچ ياشقا ئۆتمەيلا تۇغىدۇ. بولتۇر ۋاقتىدا تۆلەپ بەرگەن بولسا، ياخشىراق بىر موزاي بىلەن قۇتۇلاتتى، ۋاقتى ئۆتكەندىن كېيىنلا چاتىقى چاتاق.

زورىخان: ئۇمۇ ۋاقتىدا تۆلەپ بېرەي دېگەن بولغىيدى، ئورنىنى قىلالماي قالغان ـ دە، بىچارە ئادەمنى كوچىلاردا سۆرەپ يۈرۈپ بىر نەچچە قېتىم ئۇردى. ئۇرغاندىن كېيىن ئالمىسىچۇ كاشكى.

نۇرۇم: ئېلىش ئۈچۈن ئۇرغاندۇ ئۇنى، ئاۋۋال شۇنداق قىلىپ، يۈرىكىنى راسا مۇجۇۋالغان.

شاڭيۇ: يوق گەپلەرنى قويۇڭلارچۇ. قېنى ماۋۇ ئۆزىمىزنىڭ ئىشىمىزغا كېلەيلى. ئەگەر كالىنى سىغىپ ئىچىشتىن قورقسىلا، نۇرنىڭ ئىشلىگەن پۇلىغا چېقىپ كۆزدە بىرەر كالا بېرىۋېتەرمىز.

زورىخان: ھە مانا بۇ دۇرۇس، شۇنداق بولسۇن شاڭيۇم.

شاڭيۇ: بىزدىن نېمە كېتەتتى. نەدىكى نېمىلەرگە خېلى نەرسىلەرنى ئايىمايمەن. نۇر دېگەن ئۆز ئەمەسمۇ. ئەگەر ياخشى ئىشلىسە، بىزنىڭ ئوتاقچىنىڭ راسا بىر قىزى بار، چېتىپ قويىمەن. ئىككىسى بىر بولۇپ ھەممە ئىشنى باشقۇرىدۇ دېسىلە.

زورىخان: (ئاڭلىماسلىققا سېلىپ) نۇرۇم چاي قايىنىدىمىكىن چىقىپ باققىنا. (نۇرۇم باغقا ماڭىدۇ).

شاڭيۇ: بولدى ئاۋارە بولمىسىلا، مېنىڭ چايغا تاۋىم يوق.

زورىخان: ئاران بىر كەلگەندە بىردەم ئولتۇرۇپ چاي ـ پاي ئىچىپ كەتسىلە شاڭيۇم.

شاڭيۇ: تۆۋەنكى مەھەللىدە تويدا بولدۇق، نەزىردە بولدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە تويغا شەھەردىن لوزوڭ بەگلەر چىققانىدى. سىلەرنىڭ ئەللىكبېشى چايغا چاقىرىپتىكەن، ئۇ يەردە بولدۇق، چىشىڭنىڭ بارىدا گۆش يە دەپتىكەن، ھازىرغىچە يېدۇق، ئەمدى چايىنى نەگە ئىچىمىز؟

زورىخان: شۇنداق بولسىمۇ، كەمبەغەلنىڭ ئېشى چىشقا دورا دەپتىكەن.

شاڭيۇ: بىراق بىزنىڭ چىشىمىز تېخى ئۈتكۈر، دورا لازىم قىلمايدۇ، زورىخىنىدە.

زورىخان: ئۈستىخاننى چاينىسىلىمۇ ئۈتىدىكەن ـ دە، شاڭيۇم.

شاڭيۇ: (زەھەرلىك كۈلۈپ) قۇرۇپ گەپنى قويۇپ باغنىڭ ئالمىلىرىنى بىر قۇر كۆرۈپ باقايلى يۈرسىلە.

زورىخان: يۈرسىلە، يۈرسىلە، كۆرۈپ باقسىلا. (زورىخان بىلەن شاڭيۇ باغقا چىقىدۇ. غۇنچەم چېچىلىپ چىقىدۇ).

غۇنچەم: بېشىڭنى يەيدىغان، ئادەمگە نېمانچىلا تىكىلىپ قارايدىكىنە، خۇددى بىر ئاچ قالغان بۆرىنىڭ ئۆزى، مەن ئۆز ئىشىم بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتسام، «نېمىشقا ئالدىمغا كېلىپ تەزىم قىلمايدۇ. ئادەم بولماپتۇ قىزلىرى» دەۋاتامدۇ. شاڭيۇ بولامدۇ، بەگ بولامدۇ، نېمە بولسا بولمامدۇ، خۇشامەت قىلىپ نەگە باراتتىم. خۇشامەت قىلغانلار ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن قىلىدۇ. مەن ئۇنىڭغا ياخشى كۆرۈنۈپ ئاغىچا خېنىم بولاتتىممۇ. (نۇرۇم كىرىدۇ).

نۇرۇم: غۇنچەم قاپىقىڭىز چۈشۈپ كېتىپتىغۇ؟ خاپا بولدىڭىزمۇ؟

غۇنچەم: (ئېچىلىپ) ياق، ھېچنېمە بولمىدى. (بىر ئاز توختاپ) شۇنداق قىلىپ يەنە كېتىدىغان بولدىڭىزما نۇرۇم.

نۇرۇم: مېنىڭچە بولسا، سىزدىن بىردەممۇ ئايرىلغۇم يوق. ئۆزىڭىز بىلىسىز مومايىنىڭ تەلىپى شۇنداق بولۇۋاتىدۇ.

غۇنچەم: شاڭيۇنىڭكىدىن ياخشىراق يەردە ئىشلىسىڭىز  بولمامدۇ؟

نۇرۇم: باشقا يەردە ئىشلەيدىغان ئورۇننىڭ ھازىرچە تايىنى بولمىسا، ۋاقىت بىكار ئۆتۈپ كېتىپ بارىدۇ. ئامالىنىڭ يوقى، قانداق قىلىمىز، جېنىمىز ئېسەن بولسا، بەش ـ ئالتە ئاي دېگەن ھېچ گەپ ئەمەس.

غۇنچەم: مەيلى ئەمدى، ئاپامنىڭ دېگىنىچە بولسۇن، قېرىغاندا بىزدىن كۆڭلى قالمىسۇن. (زورىخان كىرىدۇ).

زورىخان: (نۇرۇمغا) شۇنداق قىلىپ شاڭيۇنىڭكىگە بارىدىغان بولدۇڭ، ھەرھالدا ئۇلارنىڭ چىشىغا تەگمەي، دېگىنىنى قىلساڭ ئوبدانراق بىر نەرسە ئالغىلى بولىدۇ. ئۆزىمۇ دەۋاتىدىغۇ ئاڭلىغانسەن؟

نۇرۇم: ئاڭلىدىم.

زورىخان: ھە، ئۇنداق بولغاندىن كېيىن، كېلىشىمگەن ئىشلارغا ئارىلاشماي، بەڭباشلىق قىلماي، سىلىنىڭ راست، خوپ دەپ قويساڭ، سەندىن ھېچ نەرسە كەتمەيدۇ.

غۇنچەم: خوپ ـ خوپ دەپلا تۇرسا، ھەممىسى بويىنىغا مىنىۋالىدۇ.

زورىخان: (غۇنچەمگە) سەن تىنچ تۇر، ساڭا گەپ قىلىۋاتقىنىم يوق. ئۆزۈڭمۇ ھاكاۋۇر بولۇپ كېتىپ بارىسەن قىزىم. مەن سىلەرنى نېمە جاپالار بىلەن چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشۇۋاتىمەن. سىلەر ئۇنى بىلمەيسىلەر. (نۇرۇمغا) ئىشقىلىپ پاتراق كۈنىڭنى پۈتكۈزۈپ، دېگىنىدەك بىر نەرسە يۇلۇپ قايتىپ كەل. ھەممىنى ئۆزۈڭ ياخشى كۆرۈپ تۇرىسەن. بىزدە يېتەرلىك يەر، سۇ، قوش جابدۇق بولسا، سېنى چاڭگۇڭغا بېرەتتىممۇ، خەقنىڭ ئىشىكىگە تەلمۈرتەتتىممۇ، جېنىم بالام، ۋاي...... خۇدا..... ئاپاڭ رەھمەتلىك ساڭا تولىمۇ ئامراق ئىدى. مەنمۇ سېنىڭ ياخشى كۈن كۆرۈشۈڭ ئۈچۈن ھەر نامىزىمدا دۇئا قىلىمەن.

شاڭيۇ: (كىرىۋېتىپ) ئالمىلار بۇ يىل تازا بوپتۇ ـ دە. (غۇنچەم ئۆزىنى ئاستا ئۆيگە ئالىدۇ). ھاي ـ ھاي، غۇنچە قىز تەزىم قېنى؟ يۇرت ئاتىسىغا بولغان ھۆرمەت شۇمۇ، ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرىدىنمۇ قاچامدىكەن ئەخمەق.

زورىخان: ھوي غۇنچەم، شاڭيۇ داداڭغا تەزىم قىل، سەت بولىدۇ. (غۇنچەم ئىشىنىڭ ئالدىغا چىقىپ، سۇس تەزىم قىلىپ كىرىپ كېتىدۇ).

شاڭيۇ: قىز بالا دېگەن ئەدەبلىك بولىدىغان، ئەدەب ـ ئەخلاق دېگەن ئادەمنىڭ بىر ھۆسنى ـ دە، (نۇرۇمغا) خوش نۇر، قانداق قىلىدىغان بولدۇڭ، ھازىر ماڭامسەن؟

نۇرۇم: بولىدۇ، بارىمىز.

زورىخان: مەيەرگە كىرگىنە نۇرۇم. (زورىخان باغقا كىرىدۇ).

شاڭيۇ: (ئۆز ـ ئۆزىگە) بۇ خوتۇننىڭ ياخشى ئىككى نەرسىسى بار ـ دە، بىرى مانا مۇشۇ ئالمىلىق بېغى، بىرى قەلەم قاش قىزى. ھەر ئىككىسىنى ئەپلەپ قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. مەن شۇ چاغقىچە سەپسالماي يۈرۈپتىمەن ـ دە، تىماقتا توختىغۇدەك بالا بوپتۇ ئەمەسمۇ بەچچىغەرنىڭ قىزى. ھەر كۈنى قىز، قېزا ھەم قىمىز ـ قوزا بولۇپ تۇرسا ئادەم قېرىمايدۇ ـ دە، دۇنيادا. بۇ خوتۇن قورسىقىدا قىزىنى نۇرغا بەرمەكچى ئوخشايدۇ. نۇرنى قارمىقىمغا ئېلىۋالغىنىم خېلى ئىش بولدى. ئەمدى ماۋۇ سۆزمەن خوتۇننى كۆزدىن يوقاتساق، قىزىمۇ، بېغىمۇ نەگە بارىدۇ. ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇيمىز ـ دە، مۇشۇ گۈللۈك باغدىلا بۇ چىرايلىق قىزچاققا ئۆي تۇتۇپ بېرىمىز. يامىنىغا كەلسە، جاجىسى ئازراق پۇل، تۇل خوتۇن ـ يېتىم ئوغۇل دېگەننىڭ قولى نەگە يېتىدۇ؟ (زورىخان ئۆيدىن چىقىدۇ).

زورىخان: سىلىنى ساقلىتىپ قويدۇممۇ، شاڭيۇم. نۇرۇمنىڭ بىر نەرسىلىرىنى جايلاپ يولغا سالايلى دەۋاتىمىز.

شاڭيۇ: ياخشى ـ ياخشى، بوپتۇ، مەن كېتىۋېرەي، نۇر ئارقامدىن بارسىمۇ بولىدۇ. خوش ئەمىسە، تۇرۇپ قالسىلا.

زورىخان: ئۇزىتىپ قوياي، (شاڭيۇ بىلەن زورىخان تالاغا تەرەپكە چىقىدۇ. نۇرۇم باغ ئارقىسىدا شازادىخان ئاھاڭىنىڭ ئەۋجىسىگە ناخشا ئېيتىدۇ).

مەن كېتەر بولدۇم يارىم،
ئەرزىم بايان ئەيلەپ كېتەي.
مېھرىبان يار قالدى دەپ،
چۆللەردە يىغلاپ كېتەي.

(غۇنچەم بىر تال غۇنچىسى بار قىزىلگۈلنى تۇتقان ھالدا ئۆيدىن ناخشا ئېيتىپ چىقىدۇ).

قۇرغۇيۇم ئۇچتى قولۇمدىن،
قايدا مېھماندۇر بۇگۈن.
دەخلى بەرمەڭلار يارىمغا،
كۆڭلى پەرىشاندۇر بۇگۈن.

(قاشانىڭ يېنىغا كېلىپ يىراقتا كۆز تىكىدۇ، پەردە چۈشىدۇ).

## ئىككىنچى پەردە
## 1 ـ كۆرۈنۈش

شاكىيۇنىڭ مەھەللە ئىچىدىكى ھويلىسى. سەھنىنىڭ سول تەرىپىدە تۈۋرۈك ۋە ياغاچلىرى ئويما نەقىش بىلەن زىننەتلەنگەن پېشايۋان بىلەن بىر قانچە ئۆينىڭ ئىشىك ـ پەنجىرىلىرى كۆرۈنىدۇ. سەھنىنىڭ ئوڭ تەرەپ يۇقىرىسىدا شاپتۇللۇق، تۆۋەنرەكىدە يىراقتىن بېدە بېسىلغان لاپاس كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئارقا تەرەپتە تېرەكلىك بوستان. ھويلىدا بىر تۈپ قېرى قارىياغاچ. ۋاقىت كۈز (ئەگەر ئىمكانىيەت بولسا، سەھنە مەي بولۇپ پىشقان ئۈزۈملۈك باراڭ بولىدۇ). شاكىيۇ بىلەن شەرۋان ئاغىچا سۆھبەت قىلىشىۋاتىدۇ.

شەرۋان: ياق ـ ياق بولدى، تولا ئاغزىمنى ئاچماي ئولتۇرسۇن.

شاكىيۇ: ھە، نېمانچە چىچاڭشىپ كەتتىڭ؟

شەرۋان: ھوي قايسى ئاغزىلىرى بىلەن شۇ گەپنى قىلدىلا؟

شاكىيۇ: بىر ئەرگە تۆت خوتۇن راۋا. ھازىر مەندە بولسا ئاران ئىككى خوتۇنغۇ؟

شەرۋان: بايتوقايدىكىنى نەگە يوشۇرىدىلا، مېنى ھېچنېمە بىلمەيدۇ دەيدىكەنلىدە ـ دە، يەرنىڭ تېگىدە يىلان كۆشىگىننى بىلىمەن مەن.

شاكىيۇ: كىم دېدى ساڭا؟ يوق گەپ.

شەرۋان: يوق گەپ ئىمىش، ئەمىسە نىمىشقا ئالتە كۈندە بىر قاترايلا ئۇياققا؟
شاڭيۇ: ئەگەر شۇنداق بولغاندىمۇ تېخى تۆتكە يەتمەيدىغۇ؟
شەرۋان: ئۇن ئىككىگە يېتىپتىغۇ؟ توققۇز قىز ئېلىپ قويۇپ بېرىپتىلا، هازىر ئەمىرلىرىدە ئۈچ خوتۇن، ئەمدى ئىنساپ قىلىش كېرەك. ساقالغا ئاق كىرگەندىمۇ هەۋەس قىلىۋېرەمدۇ كىشى؟
شاڭيۇ: ساقالنىڭ ئاقارغانلىقىغا قارىما، سەن (كۆكسىگە بارماقلىرى بىلەن نوقۇپ) كۆڭۈلگە قارا، كۆڭۈلگە! بىزنىڭ كۆڭلىمىز تېخى يىگىرمە ياش يىگىتنىڭ كۆڭلىدەك چاپچىپ تۇرۇپتۇ. مەسىلەن، هويلىدا يۈرگەن خورازغا قاراپ باق، شۇ جېنىدا مۇشتەك تۇرۇپ، ئون نەچچە مېكيانىنى ئارقىسىدىن ئەگەشتۈرۈۋاپتۇ. مانا شۇنداق ئاق خوراز دېسەڭ بولىدۇ بىزنى.
شەرۋان: ئۇ دېگەن توخۇ، سىلى دېگەن ئادەم.
شاڭيۇ: هە، مانا قارا، مەن تاغدەك ئادەم تۇرۇپ توخۇچىلىك بولالمايمەنمۇ؟ توققۇز قىز ئېلىپ قويۇۋەتكەن بولسام ئۇن بولۇپ كەتسۇن، ئەمرىمدە ئۈچ خوتۇن بولغان بولسا، تۆت بولۇپ كەتسۇن، هېسابقىمۇ توپتوغرا بولىدىكەن.
شەرۋان: ياق، ئەمدى مەن يول قويمايمەن، بۇرۇنقى خوتۇنلىرىدەك كەلسە ـ كەلمەس زېدى پەس يەرنىڭ قىزى ئەمەسمەن، يا بولمىسا سەرالىق ئەمەسمەن، مەنچۇ، شەهەردە چوڭ بولغان بەگ ئەۋلادىمەن. هېلىمۇ گەپ قىلماي تۇرسام مېنىڭ ئۈستۈمگە ئىككىنى ئالدىلىغۇ. بۇنىڭدىن ئارتۇق چىدالمايمەن. ياشلىقىم، قىزىل گۈلدەك چىرايىم مۇشۇ سەرايى ـ قىيامەتتە خازان بولۇپ كېتىپ باردۇ.
شاڭيۇ: بايتوقايدىكىنىڭ خېتىنى بېرىۋېتەي، ئۆزۈڭ ئىگە بولۇپ غۇنچەمنى ئېلىپ بەر. ساڭا ئالتۇن قاداق ئېلىپ بېرەي. سېنىڭ بۇرۇنقى ئالتۇن بىلەزۈكۈڭ يېنىك بولۇپ قاپتۇ. ئىككى سەر ئالتۇندا بىلەزۈك سوقتۇرۇپ بېرەي.
شەرۋان: ئالتۇن جابدۇق، تاۋار توقىلار يېتىپ ئاشىدۇ. خالىسام يەنە ساڭدىكى ئاشلىق، تاغدىكى مالنى ساتقۇزۇپ ئېلىۋېرىمەن. ئەمدى مېنىڭ ئۈنداق نەرسىلەرگە ئالدىنۇۋېرىدىغان ۋاقتىم ئۆتۈپ كەتتى. هازىر نېمە قىلىشىمنى ئۆزۈم ياخشى بىلىمەن. مۇشۇ مال ـ مۈلۈك ۋە نەچچە يۈز خولۇق يەر ـ زېمىنغا مەنمۇ ئىگە، مەنمۇ خوجايىن.

شاڭيۇ: مانا ئۆزۈڭ ئېيتىۋاتىسەن، مال ـ مۈلۈك دېگەننى بىر ياقتىن خەجلەۋەرسە تۈگەيدۇ. ئۈنىڭ ئۈچۈن بىر ياقتىن تۇپلاپ، بىر ياقتىن خەجلەش كېرەك. مېنىڭ دېگىنىم زورىخانىنىڭ بېغى مۇشۇ مەھەللىدە بىرلا باغ. شۇنى ئۆزىمىزگە قارىتىۋېلىشىمىز كېرەك. ئۇ خوتۇن ھازىر ئېغىر ئاغرىق، بەربىر ساقىيالمايدۇ. ئەگەر قىزى بىزنىڭ قولىمىزدا بولىدىغان بولسا، قۇلدەك ئىشلىتىسەن. بېغىمۇ بىزنىڭ مۈلكىمىزگە قوشۇلىدۇ ئەمەسمۇ، نېمىشقا مېنىڭ پىلانلىرىمنىڭ تېگىگە يەتمەيسەن؟

شەرۋان: پىلانلىرىڭنىڭ تېگىنى ئوبدان بىلىمەن، بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقۇش.

شاڭيۇ: ھەببەللى، مانا شۇ، ئەقىللىك خوتۇن ـدە، سەن.

شەرۋان: ئۇ پىلاننى باشقىچىرەك يول بىلەنمۇ ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

شاڭيۇ: مەسىلەن قانداق، قايسى يول بىلەن؟

شەرۋان: غۇنچىنى كۇندەشلىككە ئەمەس، كېلىنلىككە دەپ قولغا چۈشۈرىمىز. ئىش تېخىمۇ ئاسان بولىدۇ.

شاڭيۇ: (بىر ئاز جىم) مانا قارا، ماگەپنى...

شەرۋان: ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتىڭغۇ، نېمە گەپنى؟

شاڭيۇ: مېنىڭ كۆڭلۈم چۈشۈپ قالغان بولسا، دۇرۇس بولامدۇ، بۇنى قانداق قىلىسەن؟

شەرۋان: كىمنى كۆرسە چۈشۈۋېرىدىغان قانداق ساراڭ كۆڭلىكەن ئۇ؟!

شاڭيۇ: بولدى ئاغزىڭغا قاراپ سۆزلە، ئۇنى ئويلىشىپ كۆرىمىز.

شەرۋان: ئويلىشىپ كۆرىدىغان ھېچنېمىسى يوق. كۆڭلۈم ـ پۆڭلۈم دېگەن گەپلىرى مەشەدە قالسۇن. سىلىمۇ ئېغىزلىرىغا ئىگە بولسىلا، قالغان ئىشنى ئۆزۈم جايلايمەن.

شاڭيۇ: خوش، شۇنداق قىلىپ مېنىڭ تەلىپىمگە كۆنمىدىڭ، ھازىرچە يېپىق قازان يېپىقلىقچە قالسۇن. ئەمدى بۇ يەردە يەنە بىر مەسىلە بار. نۇر بۇ ئىشىڭغا پۈتلىشىدۇ. نۇر بىلەن غۇنچە بىر ـ بىرىنى ئۆلگىدەك ياخشى كۆرىدۇ. زورىخانمۇ قىزىنى نۇرغا بەرمەكچى. بۇنى قانداق قىلىسەن؟

شەرۋان: شۇ قاپىقى يامان گادايغىمۇ قارامدۇ كىشى، غۇنچىدەك قىزنىڭ ئۇنداق يالاڭغىداقلارغا زايە كېتىشىنى بېشىدا ئەقلى بار ھەرقانداق كىشى بىلمەمدۇ؟

شاڭيۇ: توغرا، بىزلا غۇنچىنى سېيىتقا ئېلىپ بېرىمىز دېسەك، يۇرت مۆتىۋەرلىرى ئەلۋەتتە بىزنىڭ گېپىمىزنى قىلىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ھەر ھالدا، غۇنچىنى سېيىتقا نىكاھ قىلغۇچە نۇرغا ئۇقتۇرماسلىق كېرەك. نىكاھ بولغاندىن كېيىن خوتۇن كىشى دېگەن ئەر كىشىنىڭ قولى. بىراۋنىڭ ئەمرىگە ئۆتۈپ بولغان خوتۇنغا پالان ـ پۇستان دەپ ئېغىز ئاچقان ئادەمنىڭ تىلى كۆيىدۇ. (مەشرەپ كىرىدۇ).

مەشرەپ: ئاكا! باسىت ئەللىكبېشى شاڭيۇكام بىلەن كۆرۈشەتتىم دەپ دەرۋازىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ.

شاڭيۇ: قىچقار، مەيەرگە كىرسۇن. (مەشرەپ چىقىدۇ، شەرۋان ئۆيگە كىرىدۇ، ئەللىكبېشى كىرىپ سالاملىشىدۇ).

باسىت: بىمەنە بىر ۋاقىتتا كېلىپ سىلىنى بىئارام قىلىپ قويدۇممۇ نېمە شاڭيۇكا؟

شاڭيۇ: ئەجەب سىپايە بولۇپ كېتىپسىنا باسىت، ئولتۇر. سېنىڭ پات ـ پات كېلىپ تۇرغىنىڭ ياخشى. قۇرۇق كەلمەيسەن ـ دە، ئەلۋەتتە.

باسىت: بىراق بۇ قېتىم قۇرۇق كېلىپ قالدۇق ـ تە، شاڭيۇكا، شۇنىڭ ئۈچۈن بىمەنە كېلىپ ئاۋارە قىلغىنىمغا ئەپۇ سورايمەن.

شاڭيۇ: مۇغەمبەرلىك قىلما. ھاشىم باينىڭ موزىيىنى يوغانلا بىر كالىغا ئايلاندۇرۇپ بەرگىنىڭ ئۈچۈن خېلى بىر نېمە ئاپسەنغۇ؟

باسىت: پاھ، ئۇ پىششىق مىڭ تاغار گەپ قىلىپ يۈرۈپ ئاران 12 تەڭگە بەردى.

شاڭيۇ: بىزنىڭ نېسىۋىمىز قېنى، چىقار.

باسىت: خەۋەرلىرى بار. لوزۇڭلارنى مېھمان قىلىمەن دەپ بىر مۇنچە قەرزدار بولۇپ قالدۇق. ئەمدى بىرەر قېتىم كەڭچىلىك قىلىلا ـ دە، يەنە بىر قېتىمدا تەڭشىۋېتەرمىز.

شاڭيۇ: سەن ھارامزادىمۇ بىزگە پايدا بەرمەيدىغان بولدۇڭ. تاپقىنىڭنى لوزۇڭ بەگلەرگە يېگۈزىسەن.

باست: لوزۇڭ بەگلەرگە يېقىن بولۇۋالغىنىم سىلىگىمۇ زىيان بولماس. باشقا ئەللىكبېشىلارغا قارىغاندا مەن سىلىگە ھەر مەنپەئەت يەتكۈزىمەن دېسىلە.

شاڭيۇ: ئارپا ـ بېدە پۇلىدىن خېلى توغرىلىغانسەن؟

باست: بىز ناھايىتى ئىككى تەڭگىدىنلا تۇتۇۋالدۇق، دېھقانلار بىر خو ئارپا، يۇز باغ بېدە ئۇچۇن تۆت تەڭگىدىن تارقىتىپ بەردۇق.

شاڭيۇ: باشقا ئەللىكبېشىلار ئۇچ تەڭگىدىن تارقىتىپ، ئۇچ تەڭگىدىن ئۆزلىرى ئاپتىغۇ؟

باست: بىزنىڭ قول ئاستىمىزدا بىر كۆكەمە بار. شۇنىڭ چاتاق چىقىرىشى بىلەن بۇ قېتىم شۇنداق بولۇپ قالدى. ھۆكۇمەت بىر خو ئارپا، يۇز باغ بېدە ئۇچۇن 12 تەڭگە بېرىپتۇدەك، قالغىنى كىمنىڭ يانچۇقىغا چۇشۇپ كەتتى. ھەممىنى بەرسۇن دەپ تۇرۇۋالدى.

شاڭيۇ: سەن ھۆكۇمەت ئىشىغا نېمە ئارىلىشىسەن دەپ تازا قامچىلاش كېرەك، ئۆزۇڭمۇ لاتىدەك بىر نېمىكەنسەن. ئونبېشىلىرىڭغا باغلىتىپ مەيەرگە سۆرەپ كەلسەڭ بولمامدۇ. قارىياغاچقا ئېسىپ ئەدىپىنى بېرەتتىم مۇناپىقنىڭ، شۇنداق ئوتقۇيرۇقلارنىڭ جاجىسىنى بېرىپ، يۇرىكىنى مۇجۇپ قويمىسا، باشقا مۇتىھەملەرمۇ ئەدەب كېتىدۇ. قارا تېخى ئۇيالماي كىمنىڭ يانچۇقىغا چۇشۇپ كەتتى دېگىنىنى.

باست: تەپتارتماي شۇنداق دەيدۇ، قارىسىلا.

شاڭيۇ: مەن شاڭيۇلۇقنى ئالغۇچە ئاز چىقىم تارتتىممۇ؟ ئوردىغا چاي قويۇپ، قانچە يامبۇ، قانچە مونەك پۇللار چىقىپ كەتتى.

باست: دارىن، لوزۇڭ بەگلەرگە تارتۇق قىلغان ئات، يامبۇلارچۇ دېسىلە.

شاڭيۇ: ھە مانا، مېنىڭ شۇنچە كەتكەن چىقىملىرىمنى يۇرت تۆلىمەي كىم تۆلەيتتى؟

باست: شۇنداق بولماي، يۇرتنىڭ بوينىدىكى قەرز ـ دە، ئۇ.

شاڭيۇ: ئەمدىزە ئارپا، بېدىگە چىققان 12 تەڭگىنىڭ 6 تەڭگىسىنى ئېلىپ، يۇرتقا چېچىلىدىغان يۇز تەڭگە سېلىقنى يۇز ئەللىك تەڭگە قىلىپ، بىرىنىڭ دەۋاسىنى پۇتكۇزۇپ، ئۇنىڭدىن ئېلىپ تۆلىمىسەم، دىۋە يېرىدىن پۇتكۇزىۋالىمەنمۇ ھەققىمنى.

باسىت: بەللى ـ بەللى، قالتىس گەپ قىلدىڭىز ـ دە، شاڭيۇكا، تېگىگە يەتمەيدۇ بەغەرەزلەر.

شاڭيۇ: توختاپ تۇر، ئۇنداق بەغەرەزلەرگە مەن ئۆزەمنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى تونۇتۇپ قويمىسام، قانداق شاڭيۇ بولۇپ تۇرىمەن؟

باسىت: ھەببەللى، بۇرنىنىڭ بىزنىي ئېلىش كېرەك خۇمىسلارنىڭ. جانابلىرىدەك يۇرت كاتتىلىرىغا بىھۆرمەتلىك قىلىپ ئارقىسىدىن كوتۇلداپ يۈرگەن نېمىلەر بىزنى ئەلۋەتتە كۆزگە ئىلمايدۇ ـ دە. يەنە ياقۇپ دېگەن بىر قاغدالما بار. ئۇ كۇنى ھارۋا سېلىقىدىن چۇشكەن 20 تەڭگىنى بەرگۇچە بىرمۇنچە ئەزۋەيلەپ ئۇنبېشىغا يېنىپتۇ. قىشتا كۆمۈر سەيسىگە ھارۋىسىنى قوشقىلى ئۇنىماي بىر مۇنچە كۆكەملىك قىلدى. ئۇمۇ ئازنىباقىدىن ئۆگىنىۋاتىدۇ. زادى شۇنداق يامان نەرسىلەرنىڭ ھەددىدىن ئېشىشىغا سەۋەبچى يەنە شۇ ئازنىباقى، ئۇنىڭ گەپدانلىقچۇ.

شاڭيۇ: تېخى مېنىڭ سىم ئورىغان قامچامنىڭ ئاچچىقىنى تېتىمىغان مۇتىھەملەر ـ دە، ياقۇپ دېگەن نېمىسىگە ئىشىنىپ شۇنداق يوغان سۆزلەيدىكەن، يا باي بولۇپ قالدىمۇ ئۇ؟

باسىت: نەدە يۇرۇپ باي بولۇپ قالىدۇ؟ ئۆزىنىڭ شۇنداق بەغەرەزلىكىدىن چاپىنى تىزىدىن ئاشماي، گادايلىشىپ كېتىپ بارىدۇ. ئىككى پارچە يېرى بار ئىدى، بىر پارچىسىنى سېتىپ ئالۋاڭ تۆلەپتۇ.

شاڭيۇ: ئەمىسە، نېمىگە يوغان سۆزلەيدىكەن ئۇ رودۇپاي؟

باسىت: بىر ئات ھارۋىسى بار. ئۇنى ھۆركىرەتكەن شۇمىكىن.

شاڭيۇ: ھە... توختاپ تۇرسۇن كۆرىمىز. بۇنى قويۇپ تۇر. بۇگۇن سىنىڭ ھېچبىر پايدا چىقىدىغان گېپىڭ يوقمۇ؟

باسىت: (يالغان كۇلۇپ) بۇگۇن بولمىسا، ئەتە بولىدۇ دېسىلە. پايدا نەگە قېچىپ قۇتۇلىدۇ سىلىدىن؟ ئىشقىلىپ خەلق ئاشلىقىنى ئېلىپ بولسۇن، ساتسا پۇل بولىدىغان نەرسىلەر مەھەللىدە كۆپەيسۇن، ئاندىن بىر ۋاراقى مۇنداق قىلمايمىزمۇ؟ (قولىنى ئايلاندۇرۇپ، يانچۇقىنى كۆرسىتىدۇ).

شاڭيۇ: ھە، شۇنداق بولسۇن ـ دە، قۇرۇق گەپ قۇلاققا خۇش ياقمايدۇ.

باسىت: خاتىرجەم بولسىلا، باسىتنى ئەللىكبېشى قىلغىنىم ئەجەب ئوبدان بوپتىكەن دەپ قالدىلا. (ئورنىدىن تۇرىدۇ.)

شاڭيۇ: نەگە ئالدىرايسەن، ئولتۇر، ئۆيدە پولو پىشىۋاتىدۇ.

باسىت: ۋاي ئىسىمدىن چىقىپ كېتىپتا.

شاڭيۇ: ھە، ھە ئۇنتۇپ قاپسەن ـ دە، قېنى، نىمە گەپ ئۇ؟

باسىت: ياق، پايدىلىق گەپ ئەمەس قۇرۇق گەپ، ھاشىم باينىڭكىگە راسا يايلاۋنىڭ قىمىزى كەپتىكەن، ئەمدى ئىككى چىنىدىن ئىچىپ تۇرۇۋىدۇق، مەزىنىنىڭ قۇچىناچىمى بولۇڭ دىسە، بولۇڭ دەپ مىنى زورىخانىنىڭكىگە باشلاپ باردى.

شاڭيۇ: خوش، نىمە بوپتۇ ئۇ يەردە؟

باسىت: ئۇ خوتۇن سەكراتقا چۈشۈپ قاپتۇ. قىزى نۇرۇمنى قىچقىرىپ بىرىڭلار، ئاپام ۋەسىيەتلىرىم بار ئىدى، دەپ نەچچە قېتىم سورىدى، شۇنىڭغا تارتىشىۋاتىدۇ، دەپ يىغلايدىكەن. مەزىن، ھەرقايسىلىرى ئەللىكبېشى بولغاندىن كېيىن شاڭيۇمغا بىرىپ ئېيتسىلا، نۇرۇمغا ئۇچ ـ تۆت كۈنلۈك رۇخسەت بەرسە، كېلىپ مومايغا ئىگە بولۇپ، تۆپىدە تۇرسا ياخشى بولىدۇ، قىزى بولسا يالغۇز دەپ مىنى بۇ يەرگە ئەۋەتكەنىدى.

شاڭيۇ: بارالمايدۇ، ھازىر خامان ۋاقتىدا نۇرنىڭ بېشىنى قاشلىغىلىمۇ چولىسى يوق، بىرىپ ئېيت، بىز ئىگە.

باسىت: ماقۇل، ماقۇل، شاڭيۇكام ئۆزى ئىگە بولىدىكەن، غەم قىلمىسۇن دەيمەن (ماڭىدۇ).

شاڭيۇ: توختىغىنا باسىت، ساڭا بىر مەسلىھەتىمىز بار. زورىخانىنىڭ قىزىنى بىزنىڭ سېيىتقا ئېلىپ بەرسەك دەپ شەرۋان بىلەن مەسلىھەتلەشكەنىدۇق.

باسىت: ۋاھ، ناھايىتى ياخشى گەپ ئىكەنغۇ، تەلىيى بار قىز ئىكەن، سىلىگىلا كېلىن بولسا، بېشى ئاسمانغا تاقىشىدۇ ـ دە.

شاڭيۇ: لېكىن ئۇ خوتۇن قىزىنى نۇرغا بەرمەكچى، ۋەسىيىتىمۇ شۇ توغرۇلۇق بولۇشى كېرەك. يەنە ساڭا ئۇقتۇرۇپ قويىدىغان بىر نەرسە، نۇر بىلەن غۇنچە بىر ـ بىرىگە ئاشىق ـ مەشۇق. شۇنىڭ ئۇچۇن زورىخانىنىڭ ئۆلۈم مەرىكىسىدە جامائەت ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ، قىزنىنىڭ بېشىنى باغلىۋېلىش كېرەك. غۇنچىنى بىزنىڭ ئىگىدارچىلىقىمىزغا تاپشۇرۇش كېرەك. سەنمۇ مۇشۇنىڭغا كۈچ چىقارساڭ بولىدۇ.

باسىت: ئەلۋەتتە جىنىمىز پىدا ـ دە، بىزنىڭ.

شاڭيۇ: ئانداق بولسا، بىز بۇنى نۇرغا ئۇقتۇرمايمىز.

باسىت: بولىدۇ ـ بولىدۇ. بىراق، قۇلاقتىن ـ قۇلاققا ئاڭلىنىپ بىردەمدە يۇقىرىقى جاڭزىغا يېتىپ قالارمىكىن.

شاڭيۇ: مانا شۇنىڭ ئۇچۇن قانداق قىلىش كېرەك؟ (شەرۋان ئۆيدىن چىقىدۇ.)

شەرۋان: شۇنىڭغىمۇ باش قاتۇرامدۇ؟

باسىت: شەرۋانەم سىز ئاڭلاپ تۇرۇپتىكەنسىز ـ دە.

شەرۋان: يايلاۋدىكى 3 ـ 4 ئاتنى ئەكىلىمىز دەۋاتاتتىلىغۇ، نۇرنى شۇنىڭغا چىقارمامدىلا.

شاڭيۇ: ئەقىلىمگە كەلمەپتا، نۇرنى قىچقارت.

شەرۋان: ئۇ بۇگۇن مۇشۇ باغدىلا قوراي ئورۇۋاتىدۇ. (باغ تەرەپكە بېرىپ مەشرەپنى چاقىرىدۇ. سىرتتىن مەشرەپنىڭ: «هە، نېمە دەيسىز؟» دېگەن ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. شەرۋان: «نۇرنى قىچقىرىۋەت» دەپ بۇيرۇيدۇ.)

باسىت: شەۋان ئاغىچا ناھايىتى تەدبىرلىك ـ تە.

شاڭيۇ: ئالدىدا شۇنداق دەپ قويساڭ خىدىرى ئېشىپلا كېتىدۇ.

باسىت: ئۆزىگىمۇ ئاغىچىلىق ئاجايىپ يارىشىدۇ جۇمۇ. باشقا ئاغىچىلىرى شەرۋانەمنىڭ ئالدىدا بىر ئېغىز سۆز قىلالمايدىغۇ دەيمەن؟

شاڭيۇ: بولدى، ئاغزىڭنى يۇم! (نۇر قولىدا ئورغاق، تەرلىگەن ھالدا كىرىدۇ.) قورايىنى ئورۇپ بولدۇڭمۇ؟

نۇرۇم: ياق، تېخى يېرىمىنى ئورۇپ بولدۇم.

شەرۋان: نېمانچە ئاستا، چاپسان ئورىساڭ بولمامدۇ؟

نۇرۇم: تورغاي چوڭ چىللىغاندا ئورۇشقا باشلىغانىدىم، مۇشۇ چاغقىچە دەم ئالماي ئورۇۋاتىمەنغۇ. سەككىز خولۇق بۇغدايىنىڭ ئەتراپىدىكى قورايغۇ، ئۇنى «سۇپ» دەپلا يىغىۋېتىدىغان جادۇگەر ئەمەسمەن.

شاڭيۇ: تەنە گەپنى ئۆگەنمەي، نانىنى ھالاللاپ يېيىشنى ئۆگىنىش كېرەك نۇر.

باسىت: ھالال ئىش دېگەن ياخشى. ئىشلەپ بىراۋنىڭ بىر بۇردا نېنىنى ئېلىپ يېمەك ئاسان ئەمەس.

نۇرۇم: ئەمدى نېمە قىلىپ بەرسەم بولىدىكىن ـ تاڭ؟

شاڭيۇ: نېمە ئىش قىلىپ بېرمەن دەپ چاڭگۇڭ تۇردۇڭ؟ ئۇسسۇل ئوينىاپ بەرمەيسەن ـ دە، ئىشلەپ بېرىسەن.

نۇرۇم: يازىچە قىلغان ئىشلارغا قاراپ گەپ قىلايلى (لاپاسنى كۆرسىتىدۇ)، ئاشۇ لاپاستىكى ئون بەش مىڭ باغ بېدىنى كىم ئورۇپ ئەكىلىپ باستى، بۇ كۆز يەتمەس يەرلەرنىڭ بۇغداي، تېرىقلىرىنى كىملە ئورىدى، كىم ئۇستۇردى، قوش ھەيدەش، كەتمەن چېپىش، ئورما ئوروش، ھارۋا ھەيدەش ـــ مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇسسۇل ئويناشمۇ شاڭيۇكا، تېخى مۇشۇ تاغ ـ تاغ بولۇپ دۆۋىلەنگەن ئاشلىق باغلىرىنى بىز تېپىپ ئالدىغاندىمىز؟ تاڭ سەھەردە تۇرۇپ، ئەل ياتقۇچە ئىشلىگەنلىكىمىز يەنە سىلەرنى قانائەتلەندۈرمىگەن بولسا، ھېسابىمىزنى بېرىڭ، چىقىپ كېتەيلى.

باسىت: ياق ـ ياق، ئانداق توقۇمنى قارنىڭغا ئالما، شاڭيۇكام سېنى ئىشقا پىشسۇن، ياخشى ئادەم بولسۇن دەيدۇ ـ دە.

شەرۋان: ۋاي ـ ۋۇي چىقىپ كېتىمەن دەپ بىزنى قورقۇتماقچىمۇ سەن؟ ساڭا ئوخشاش پايتىمىسىنى تەتۈر ئورىغاندىن كۆرمىگى ئىش تاپالماي يۈرىدۇ.

نۇرۇم: بولدى شەرۋانىدە، سىز زەھىرىڭىزنى سالمىسىڭىزمۇ شاڭيۇكامنىڭ گېپى يېتىدۇ.

شەرۋان: ھوي، سېسىق گەپنى نەدىن ئۆگەندىڭ؟!

نۇرۇم: سىلەردىن.

شاڭيۇ: بولدى، بىمەنە گەپنى قويۇش!

باسىت: گەپنى تەگىسەڭ، تېرىق بولىدۇ، قىلىدىغان ئىشنىڭ گېپىنى قىلايلى!

شاڭيۇ: نۇر، سەن ھازىر يايلاققا ماڭ. جاڭزىدىن چىقىرىۋەتكەن ئاتلاردىن تۆتنى ئەكىلىپ، مەيەردىكى ئاتلار بىلەن تولۇققا قوشۇڭلار. ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپ بارىدۇ، خامانى جىددىيلىتىش كېرەك.

نۇرۇم: بىزمۇ ئادەمدە، قىڭغىر گەپ قىلماي توزلا گەپ قىلسا ئاڭلاۋېرىمىز.

شاڭيۇ: بولدى، تاكاللاشماي بېرىۋەر.

نۇرۇم: قايسى ئات بىلەن چىقىمەن؟

شاڭيۇ: جاڭزىدىكى توروق ئاتنى مىن.

شەرۋان: قوزىدىن 3 ـ 4 نى ھەيدىگەچ كەلسۇن.

باست: ھەببەللى، قىمىز ئالغاچ چۈشىدۇ ـ دە.

شاكىيۇ: (نۇرۇمغا) ھېلىقى ساۋدان دېگەن قازاقتا دەپ قوي، قىمىز ـ قوزىلارنى ئۆزى يەتكۈزۈپ بەرسۇن. ئاندىن كېيىن بالىسى، ئېتى نېمىدا؟

نۇرۇم: ئامانتاي.

شاكىيۇ: ئامانتاي كېلىپ، خامانغا قارىشىپ بەرسۇن، ھۆرت ـ پۆرت دېسە، چىقىرىۋېتىپ باشقا مالچى ئالىمەن دەيدۇ، دەپ ئېيت. (نۇرۇم بېشىنى مەنىلىك لىڭشىتىپ چىقىپ كېتىدۇ.)

شەرۋان: مۇشۇ دۆيۈزنىڭ قاپىقىدىن ھەر بالا كېلىدۇ. (باستقا) ئەيمەنمەي قىلىۋاتقان گەپلىرىنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

باست: ئەزەلدىنلا بۇلارنىڭ ئۇرۇقى گەدەنكەش.

شەرۋان: (شاكىيۇ قاراپ) بۇنى نېمىشقا قويۇپ بېرىدىكىن تاڭ. مالايىمۇ ئەركىلەتكەن بارمۇ، مېنىڭچە بولسا، ئۇرۇپ ـ ئۇرۇپ، كىيىم ـ كېچەكىنى سالدۇرۇۋېلىپ ھەيدىۋېتىمەن.

شاكىيۇ: خوتۇن كىشى دېگەننىڭ «چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا» دېگەن راست گەپتە. ئۇنىڭ ئۆزى ھارام بولغان بىلەن كۈچى ھالال ئەمەسمۇ. ھەيدىۋېتىپ، ئۇنىڭ قىلىۋاتقان شۇنچە نورغۇن ئىشىنى سەن قىلامسەن؟ ھەيدەش كېرەك بولسا، كۈچى تەگمەيدىغان مەشرەپ دېگەن رودۇپاينى ھەيدەش كېرەك.

شەرۋان: ۋايىەي، مەشرەپ ھەممىسىدىن دېدىلغۇ، باشقىسى بىزنىڭ ئىشىمىزغا شۇنچىلىك كۆيۈنسە بولاتتىغۇ. (مەشرەپ كىرىدۇ.)

مەشرەپ: مەزىن، زورىخان تۈگەپ قالدى، شاكىيۇكامغا ئېيتىپ قوي دەيدۇ.

شاكىيۇ: ئۆزى قېنى؟

مەشرەپ: كەتتى.

شاكىيۇ: كەتتى؟

مەشرەپ: نۇرۇم كەلمىسە بولمايدۇ دەپ، قىزى يىغلاۋاتىدۇ، ئۇنىڭغىمۇ دەپ قوي دەيدۇ.

شاكىيۇ: بولدى، سېنىڭ ئىشىڭ بولمىسۇن، باغدىكى قورايىنى ئورۇپ تۇر. (مەشرەپ قاراپ تۇرىدۇ.) چىق جۇگۇ، نېمىگە بېزىرىپ تۇرىسەن! زورىخاننىڭ

بىر كۈنلۈك مەربىكىسىگە مەن پۇل خەجلىشىم كېرەك. (باستىقا) سەن ئاخىرەتلىك نەرسىلىرىنى ئېلىشقا ياردەم قىل.

باسىت: بولىدۇ، بىز تەييار.

شەۋان: خەجلەنگەن پۇلنى كەم يازدۇرۇپ قويىمىسىلا، جىق ـ جىق كۆرسىتىپ (بوينىنى سوزۇپ) يۇرتنىڭ سەمىگە سىلىپ قويسىلا.

شاڭيۇ: سەن ئۆگەتمىسەڭمۇ بىز ئۇنى ئۇتتۇرۇۋەيمەيمىزغۇ.

شەرۋان: سىلىنىڭ ئۇستىلىقلىرىمۇ چاغلىق.

باسىت: تېخىچىلا شاڭيۇكامنى ئۇقمايدىكەنسىز ـ دە. شەرۋان ئاغىچا، يېكەندە بۇرۇت ئالىدۇ دەڭە ئاكىمىز.

شاڭيۇ: بىز مۇنچىلىك ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمىسەك، شۇنچە تەئەللۇقنى قانداق تاپتۇق؟ تۆت تامنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇۋېلىپ، بىزنىڭ چاققانلىقىمىزنى تازا كۆرمىگەن ـ دە.

باسىت: توغرا! (شاڭيۇنىڭ مۇرىسىگە قېقىپ) شاڭيۇكاملار بۇركۇت ـ تە بۇركۇت. قامىغان يېرىنى يولۇۋالىدۇ.

شەرۋان: «ئەرنى ئەر قىلغان خوتۇن» دەيدۇ.

شاڭيۇ: بولدى، تولا ماختانما. (باسىت بىلەن شاڭيۇ تالا تەرەپكە، شەرۋان ئۆي تەرەپكە كېتىدۇ، سىپىيت كىرىدۇ.)

سىپىيت: (ئاق تۇخۇمنى چىشىغا چېكىپ) پاھ!... تاش ئىكەن ـ دە بۇ، ھېلىغۇ ئوتتۇز تۇخۇمكەن، يۈز تۇخۇمغا تېگىشىمەن دەپ تۇرۇۋالسىمۇ ئالاتتىم ـ دە، بۇنى. (پىيازنىڭ شۆپىكىدە قىزارغان يەنە بىر تۇخۇمنى چېكىپ) مۇشۇ داڭلىق تۇخۇم ئەمەسمىدى، پوك ـ پوك قىلىدۇ بۇ. مۇشۇنىمۇ ئوتتۇز تۇخۇمغا ئالغان ـ دە، مەن. مۇشۇنداق تۇخۇمنىڭ ئىككى يۈزنىڭ ئۈچ پاينىكىنى ئورۇۋالىمەن دېسىمۇ قورقماي چېكىشىۋېرىمەن، كېھ ـ كېھ (بۇرنى خارتىلدايدۇ) ئەمدى پۈتۈن مەھەللىدە بۇنىڭغا تۇخۇم چىقمايدۇ ـ دە. (باغ تەرەپكە بېرىپ) مەشرەپ، ھاي مەشرەپ... (مەشرەپ ئورغاق كۆتۈرۈپ كىرىدۇ.) ما تۇخۇمنى چىشىڭغا چېكىپ باققىنا. (مەشرەپ چىشىغا چېكىدۇ.) ئوتتۇز تۇخۇمغا تېگىشىۋالدىم.

مەشرەپ: ۋاي نېمانچە قىممەت؟

سىپىيت: ئۆمرۈڭدە مۇشۇنداق قاتتىق تۇخۇمنى كۆرگەنمىدىڭ؟

مەشرەپ: ئالدىنىپسەن ئەخمەق، شۇنىڭغىمۇ خۇش بولدۇڭما، بۇنىڭدىن ئاۋۇ تۇخۇمىڭ قاتتىق.

سېيىت: سەن سارالڭ نېمىنى بىلىسەن، چىشىڭنى سۇندۇرۇۋېتىدىغاندەك ئۇرۇلىۋاتىدىغۇ. بەش يۈزگە يېتىدۇ دېگىنە بۇ.

مەشرەپ: يوغان گەپ دېگەن بىر تىيىن، كەل سوقۇشتۇرۇپ باقايلى، قىزىلى مەن بولاي.

سېيىت: بولدى، مە! (قىزارغان تۇخۇمنى مەشرەپكە بېرىپ) سەن تۇتە، مەن ئۇرىمەن.

مەشرەپ: بەش يۈزگە يارايدىغان تۇخۇم بولغاندىن كېيىن سەن تۇتە.

سېيىت: ياق، ياق. سەن تۇتىسەن.

مەشرەپ: ئاغزىڭدا دېگەن بىلەن مۇشۇنداق چىدىماس بايۋەچچە ـ دە، سەن.

سېيىت: ماڭ ـ ماڭ. مەن ئۇرىمەن. بولمىسا سەن تىرنىقىڭنى پاتۇرۇۋېتىسەن.

مەشرەپ: ئۇرە. (تۇخۇمنى سىقىمداپ تۇتۇپ بېرىدۇ.)

سېيىت: نەرىگە ئۇرىمەن؟ يوغان تۇت.

مەشرەپ: چىدىماس، مانا ئۇر. (تۇخۇمنى ئېچىۋىراق تۇتىدۇ، سېيىت ئاستا ـ ئاستا ئۇرىدۇ) قاتتىق ئۇر! قورقۇنچاق. (سېيىت قاتتىقراق بىرنى ئۇرۇشى بىلەن تۇخۇمى سۇنىدۇ.) ھە مانا، بەش يۈزگە يارايدىغان تۇخۇمىڭ پېقىش بولدى.

سېيىت: دۈيۈز سارالڭ! كېھ ـ كېھ (بۇرنى خارتىلدايدۇ). تىرنىقىڭنى پاتۇرۇۋالدىڭ.

مەشرەپ: ھەي چىدىماس، مۇشۇ بىر بوش تۇخۇمىن ئوتتۇز تۇخۇمغا تېگىشىۋالدىڭما؟ ئاناڭنىڭ بەرگەن پۇلىنى شۇنداق قىلىپ تۈگىتىسەن ـ دە، سەن ماڭقا.

سېيىت: ھوي خۇمسى، نېمە ماڭقا دەيسەن، يالاڭغىداق قەلەندەر.

مەشرەپ: تەييار پۇلنىمۇ جايلاپ خەجلىيەلمەي، ساپ خەققە ئۇتتۇرۇپ كېلىسەن.

سېيىت: (مۇشتۇمنى تۈرۈپ) بىرنى قويۇپ قولۇمغا بىلەزۈك قىلىۋالىمەن خۇمسى، سېنى ھازىر.

مەشرەپ: پاھ قالتىس گاڭگۇڭ جۇمۇ سەن، سېيىت نوچى، مېنى ئۇرمەن دېگۇچە بۇرنۇڭنى ئېتىۋالغىنا ماڭقا.

سېيىت: (يۇگۇرۇپ بېرىپ بىر كالتەك كۆتۈرۈپ كېلىدۇ) بىرنى قويۇپ ئۆلتۈرىۋېتىمەن. (شەرۋان چىقىدۇ.)

شەرۋان: ۋاي خۇدايىمەي، قانداق قىلارمەن، ھوي نېمە بولدۇڭ سېيىتجان. (تۇتۇۋالىدۇ.)

مەشرەپ: ھە، بايۋەچچە.

سېيىت: قويۇپ بەر، ئۆلتۈرىۋېتىپ خۇننى تۆلەيمەن. (مەيدىسىگە ئۇرىدۇ.) ئۆزۈم تۆلەيمەن.

مەشرەپ: ئەركە تايتاڭ بايۋەچچە قويۇپ بەرسە نېمە قىلالايسەنكىن، ھوي سېيىت نوچى، سەن خەقنىڭ كاتەكلىرىدىن ئوغرىلاپ كېلىپ سويۇپ يەيدىغان توخۇ ئەمەسمەن.

شەرۋان: بولدى ـ بولدى قويۇش.

سېيىت: سەن بۇنى قويۇپ بېرىپ ئەركە قىلىۋالدىڭ، مالاي دېگەن مالايلىقىنى قىلمامدۇ؟

شەرۋان: نېمە قىلدى بۇ ساڭا شۇنچە؟

سېيىت: ئاغزىنى يامان قىلىۋاتىدۇ.

شەرۋان: بولدى خاپا بولما، مەن جاجىسىنى بېرىمەن. سەن شەھەرگە كىرىپ يېڭى تىكتۈرگەن كىيىملىرىڭنى ئېلىپ چىق. مېنىڭ دۇخاۋا چاپىنىم پۈتكەن بولسا، ئالغاچ چىق. يۈگۈر، جەرەن تېيىڭنى يېتىلەپ كەل. مەشرەپ توقۇپ بەرسۇن، جۇگۇ. (مەشرەپكە قاپىقىنى تۈرگەن بولۇپ) ھوي، سەن نېمىشقا قوراي ئورۇماي بۇ يەردە لاغايلاپ يۈرىسەن. تاياق يېگىڭ كەلدىمۇ ـ ھە؟ (سېيىت باغ تەرەپكە كېتىدۇ.) مەشرەپ، سەن شاڭيۇكاڭ بىلەن سېيىتجانلارنىڭ چىشىغا تولا تەگمە. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئوغىسىنى قاينىتىۋەرسەڭ، سىرىمىزنى پاش قىلىپ قويىسەن. مەن بۈنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئالدىدا سېنى تىللاپ، جونۇپ قويىمەن. خوش، بىلمەپتىمەن دەپ تۇرىۋەر. ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ، مەن سېنى ھېچكىمگە ئۇرغۇزمايمەن. (يالغان جىلۋىلىنىپ) ئانداق بولغاندىن كېيىن، ئۇن چىقارماي يۈرىۋەر. قالغىنىنى ئۆزىمىز بىلىمىز.

مەشرەپ: ئەزبەرائى خۇدا سىزنى دەپلا يۈرمەن ـ دە. سىزنىڭ ناۋاتتەك شېرىن سۆزلىرىڭىزنى دېمىسەك، دوزاختەك بۇ ھويلىدا بىزگە ھەر كۈنى تىل ـ ئاھانەت.

شەرۋان: سەن مېنىڭ گېپىمدىنلا چىقمىساڭ، ھەممە مۇراد ـ مەقسەتلىرىڭگە يەتكۈزىمەن.

مەشرەپ: سىز نېمە دېسىڭىز، مەن تەييار دەۋاتىمەنغۇ؟

شەرۋان: ئانداق بولسا، سېيىتنىڭ تېيىنى توقۇپ بېرىپ، ۋاي ئۇكام مەن سېنى ئوبدان كۆرىمەن دەپ پەپىلەپ شەھەرگە يولغا سال، كېيىن ساڭا دەيدىغان بىر گېپىم بار، (باغقا قاراپ) ئەنە سېيىتجان كېلىۋاتىدۇ. (شەرۋان ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ.)

مەشرەپ: نېمە گېپى باردۇ؟ گەپلىرىگە قارىغاندا مېنىمۇ راستلا ياخشى كۆرىدۇ، ئىشقىلىپ مېنىڭ سۆزۈمدىنلا چىقمىساڭ، مۇرادىڭغا يېتىسەن دەيدىغۇ. پەرى ـ پەرى دېيىشىدۇ، مەنغۇ پەرىنى كۆرمىدىم. شاڭيۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ بەزمە قىلغانلارنىڭ ئاغزىدىنلا ئاڭلىدىم. پەرى دېگەن ھەرقانچە بولسا، مۇشۇ شەرۋان ئاغىچىلىك چىرايلىقتۇ. (سېيىت كىرىدۇ.)

سېيىت: جەرەن تاينى لاپاسقا باغلاپ قويدۇم. توقۇپ بەرگىن.

مەشرەپ: كۈمۈش ئېگەر ـ جابدۇقلىرىڭ بىلەن مەخمەل كۆرپەڭنى سېلىپ، راسا ياسىتىۋېتىمەن. شەھەرگە كىرگەندە غادىيىپ ئولتۇرۇپ كېتىسەن ـ دە، سېيىتجان.

سېيىت: ئاپام ئەدىبىڭنى بەرگەنگە ئوخشايدۇ ـ ھە، خېلى چۆچۈپ قاپسەن.

مەشرەپ: ئاپاڭ پۈتۈن مەھەللىدىكى خوتۇنلارنىڭ ئەدىبىنى بېرىدىغان ئاغىچا تۇرسا، مېنى ئاياپ قويمايدۇ. بالامغا تېگىشمەسەن دەپ ئاللا ـ تۇۋامنى چىقاردى.

سېيىت: سېنى شۇنداق قىلىش كېرەك، بۇرنۇڭنىڭ بېزىنى ئالسا بولىدۇ.

مەشرەپ: سېيىتجان، بولدى ئەمدى مېنى تىللىما، مەن ساڭا بىر خۇش خەۋەر ئېيتايمۇ؟

سېيىت: ئېيت، نېمە خۇش خەۋەر ئۇ؟

مەشرەپ: چاچلىرى قۇندۇز، كۆزلىرى قۇندۇز، قېشى بەرگى قىياقتەك، مەڭزى قىپقىزىل ئاناردەك، قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسىنى ساڭا ئېلىپ بەرمەكچى.

سېيىت: ئاشۇ غۇنچەكىنىمۇ؟ كۆتەر ئۇ نېمەڭنى.

مەشرەپ: غۇنچەم قالتىس بالىدە. (سېيىتنىڭ مەيدىسىدىكى شالتاقلارنى تاتىلاپ) ئەمدى ئۆيلىنىدىغان يىگىت بولغاندىن كېيىن، كىيىملىرىڭنى شالتاق قىلماي ئۆزۈڭنى تۈزەپ يۈرسەڭ بولىدۇ. بولمىسا خوتۇنۇڭ كۆڭۈلسىز بولۇپ قالىدۇ. مەن بۇگۈن سېنىڭ جەرەن يورغاڭنى شۇنداق كىلىشتۈرۈپ توقۇپ بېرەيكى، قىزلار بۇ قەيەرنىڭ شاھزادىسى دەپ قالسۇن. (باغقا ماڭىدۇ.)

سېيىت: مەن ئۇنداق تېگى پەس گادايىنىڭ قىزىنى ئالاتتىمۇ، ئادەمنىڭ مەقسىتىنى ئۇقمايدىغان نېمىلەركەن ــ دە،

بۇ بالىسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپىدىغان ئاتا ــ ئانىلار قانداق ئادەملەردۇ، مەن ئۆيلىنىمەن دېدىممۇ؟ بىزنىڭ تەڭتۇش ئاغىنىلەر ئۆيلىنىشتىن خەۋىرى يوق ئوييناپ يۈرىدىغۇ تېخى، ئۆيلىگۈسى كېلىپ كەتكەن بولسا، قېنى چىدىسا، مېنىڭ دېگەن يېرىمدىن ئېلىپ بەرسۇن. شەھەردە ئاپامنىڭ جەمەتلىرىنىڭ ئارىسىدا نى ــ نى قىزلار بار. مەن ئالسام، شۇلاردىن بىرىنى ئالىمەن. دۇردۇنىدىن كۆڭلەك كىيىدىغان، ئالتۇن گۈل قادايدىغان، پىلىكى مامۇقتەك يۇمشاق قىزلاردىن ئالمايزە، چىت كۆڭلەك كىيىپ، پەرەڭ ياغلىق سالىدىغان ئاپتاپتا كۆيۈپ كەتكەن سەھرالىق غۇنچەكنى ئالاتتىمۇ؟ (مەشرەپ كىرىدۇ.)

مەشرەپ: سېيىتجان! جۇرە كۆرۈپ باق، تاراپ ــ سىلاپ پارقىرىتىپ ئۇكىلىرىنى ياخپايتىپ، پادىشاھنىڭ تاجىسىدەك قىلىۋەتتىم. جۇرە كۆرۈپ رەھمەت ئېيتىسەن. (مەشرەپ سېيىتنى باشلاپ ئېلىپ كېتىدۇ، شەرۋان ئالتۇن قاداق، ئالتۇن گۈلى بار بۆك كىيىپ ياسىنىپ چىقىدۇ).

شەرۋان: (كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى تارتىپ قاراپ) مۇشۇ كۆڭلىكىم ئۆزۈمگە خېلى يارىشىدۇ، بىراق، پېتى چۈشكەندەكمۇ نېمە؟ ھەرقانچە يوغان بولغان بىلەن بىر ئادەم ھەممە يېقىنى كۆرگىلى بولمايدىكەن، ئەمدى يەنە چوڭ بىر تاش ئەينەك ئالدۇرۇپ ئىككى تامغا قويسام، كىيىملەرنىڭ ياراشقان ــ ياراشمىغانلىقى ھەممە يېقىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. (باغ تەرەپكە بېرىپ) مەشرەپ، ھوي مەشرەپ. (مەشرەپ كىرىدۇ.)

مەشرەپ: خوش ھەدە.

شەرۋان: سېيىتنى يولغا سالدىڭمۇ؟

مەشرەپ: ھەئە، تازا خۇش قىلىۋەتتىم ئۇنى.

شەرۋان: ئۆزۈڭمۇ ئەقىللىق سەن. ئۇنداق بولسىچۇ سەن چاپسان بېرىپ، هاشىمبايىنىڭ دۇكىنىدىن چاي ئېلىپ كەل. شاگىرتۇكاملار شەھەرگە كەتتى، شەرۋان ئاغىچام پۇلىنى ئۇلار چىققاندا بېرىمىز دەيدۇ دېگىن.

مەشرەپ: سىز نېمە دېسىڭىز مەن ماقۇل دەيدىكەنمەن. سىز بىزنى كەمسىتىدىكەنسىز.

شەرۋان: مەن نېمە دېسەم ماقۇل دېسەڭ، ھەرگىز كەمسىتمەيمەن.

مەشرەپ: ماقۇل - ماقۇل دەۋېرىمەنمۇ؟

شەرۋان: كاجلىق قىلماي بېرىپ كەل دېگەندىن كېيىن بېرىپ كەل. (مەشرەپنىڭ مۇرىسىدىن ئىتتىرىدۇ. مەشرەپ مەجبۇرىي چىقىپ كېتىدۇ.) بۇ بىزەڭمۇ قىلتاقتىن باش تارتىشقا باشلىدى، ئەمدى بۇنىڭغا باشقىراق بىر ئۇقتا لازىم بولۇپ قالدى - دە. (پەردە چۈشىدۇ.)

ئىككىنچى پەردە

2 - كۆرۈنۈش

ئارىدىن بىرنەچچە ۋاقىت ئۆتكەن، يەنە ئىككىنچى پەردىدىكى كۆرۈنۈش غۇنچەم پېشايۋاندا ئولتۇرۇپ مۇڭلىنىپ ناخشا ئېيتىدۇ.

ئورما ئورىسەن كۇندە،
تالمامدۇ بىلەكلىرىڭ.
مەن يادىڭغا يەتكەندە،
كۆيمەمدۇ يۈرەكلىرىڭ.

بارايلى دېمەيمىدۇق،
يانايلى دېمەيمىدۇق.
شەرتىمىز قىزىل ئالما،
چىشلەشىپ يېمەيمىدۇق.

(ئىككى تىزنى قوچاقلاپ ئىڭىكىنى تىزىغا قويىدۇ. ئازدىن پاتەمخان ئىككى چېلەك سۇتنى تالا تەرەپتىن كۆتۈرۈپ كىرىدۇ).

پاتەمخان: جېنىم قىزىم، يەنە شۇمشىيىپ ئولتۇرۇپسەنغۇ. ئاھ ئۇرىۋەرسەڭ كېسەل تېپىۋالىسەن.

غۇنچەم: (ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ) پاتىمىدە، دىمىسىلىمۇ يۈرەكنىڭ تېگى زېدە بولۇپ كەتتى.

پاتەمخان: (ئولتۇرۇپ غۇنچەمنىڭ چېكە چېچىنى تۈزەپ قويىدۇ.) ئارىلاپ بىز تەرەپلەرگە بېرىپ، كۆڭلۈڭنى كۆتۈرۈپ كەلسەڭ بولماسمىدى؟

غۇنچەم: ۋايىەي پاتىمىدە، جاڭزىلارغا بېرىش ماياقتا تۇرسۇن، باغقا چىقىپ سەل يوقاپ كەتسەم، كەينىمدىن بوچىلەردەك مارىشىپ يۈرىدىغان بولدى. بۇ ھازازۇللار.

پاتەمخان: تووۋا! سەن بۇلارنىڭ سىتىۋالغان قۇلىمىدىڭ؟

غۇنچەم: خۇددى تورغا چۈشكەن بىر قۇشقا ئوخشايمەن. يۇرت چوڭلىرى دېگەنلەرنىڭ بىرىمۇ بىزنىڭ گېپىمىزنى قىلمايدۇ. جېنىم پاتىمىدە، مەشرەپ ئاكامنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىنى قاراڭا!

پاتەمخان: ھە، ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ؟

غۇنچەم: بىزنىڭ ئارقىمىزدىن پايلاقچىلىق قىلىپ يۈرىدۇ. ئوغلىڭىز بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئاغرىتىپ بىر نەچچە ئېغىز گەپ قىلىپ قويسىڭىز بولاتتى.

پاتەمخان: شۇ، مەنمۇ ئۇنىڭ بەگ، ئاغىچاملارنىڭ ناغرىسىغا ئۇسسۇل ئوينايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى خېلىدىن بېرى سېزىپ يۈرەتتىم. ئەمدىزە، سەن يېتىملارنىڭ زىيىنىغا ئاياغ بېسىپتۇ ـ دە، جۇۋايىنىمەك، توختاپتۇر، مەن ئۇنىڭغا شۇنداق گەپ قىلايكى، كەمبەغەلنىڭ قاياشى كەمبەغەل بولماي، سىلەرنى ئاھ ـ زارغا قويۇشقا شېرىك بولىدىغان بولسا، مېنىڭ ئۇنداق بالام يوق. (ئەتراپقا ئەندىشە بىلەن قارىۋېلىپ، ئاستا سىرلىق ئاھاڭ بىلەن) ئۇنىڭ بېشىنىچۇ مۇشۇ جادۇگەر شەرۋان ئاغىچا ئايلاندۇرۇپ قويىدى. ھى...م بىلەمسەن! (بېشىنى لىڭشىتىدۇ.)

غۇنچەم: راست ئېيتىدىلا، ھازازۇلنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ. نۇرۇم شەرۋاننىڭ نېمە ئىش تۇتۇۋاتقىنىنى ئۇقتىمۇ؟

پاتەمخان: ئۇقتى، مەن بۇ يەردە بولغان يوشۇرۇن مەسلىھەتلەرنىڭ ھەممىسىنى دەپ بەردىم. ئۇ سىنى تولا پۇچۇلانماي ئاز كۈن سەۋر قىلىپ تۇرسۇن، 3 ـ 4 كۈنلۈك ئىشىمىز قالدى. مەنمۇ تىنچ ياتقىنىم يوق دەيدۇ.

غۇنچەم: نىمىشقا تۇگىمەيدىغاندۇ بۇ ئىشلار.

پاتەمخان: ۋايىەي، 7 ـ 8 يەردىكى تاغدەك خامانلارنى ئېلىپ بولۇش ئاسانمۇ، «خامان ئالماق شەھەر ئالماق» دەپتىكەن. جاڭزىنىڭ قورۇسىدا نان يېقىپ، كالا سىغىپ، چاي قاينىتىپلا جۇلۇغۇم چىقىپ كەتتى (كۆڭلىكىنىڭ يىرتىلىپ كەتكەن ئېتىكىنى كۆرسىتىدۇ). كاشكى شۇنچە ھوسۇل ئالغاندىن كېيىن، مە، ماۋۇ ئىككى ـ ئۈچ تاغار ئاشلىقنى سىتىپ كىيىم ـ كېچەك قىل دىسىچۇ.

غۇنچەم: ئۆلۈكتىن ئۆپكە سوراپتۇ، تامدىن قوقاق دەپتىكەن، بۇ تويمىغۇرلاردىن ئاشلىق سورىغۇچە، ئىشلىگەن ھەقلىرىنى ئالغاندا كىيىم كىيەلا.

پاتەمخان: مەشرەپنى يىللىقتا ئالدۇق، سەن خوتۇن كىشى بولغاندىن كېيىن بېگىنىڭ ئۈچۈن ئىشلىسەڭمۇ بولىدۇ، دەپ بەش ـ ئالتە يىل بولدى، ماڭا بىر ياماق بەرمەيدۇ بۇلار.

غۇنچەم: شۇنىڭ ئۈچۈن مەن تويمىغۇر دەيمەن ـ دە بۇ بايلارنى.

پاتەمخان: راست ئېيتىسەن غۇنچەم. كۆلدە كۆمەچ بولۇپ، كېچە ـ كۈندۈز شۇنچە ئىشلەپ بەرسەم، يەنە يا خېنىم رازى ئەمەس، يا بېگىم. (ئورنىدىن تۇرۇپ) مەن چاپسانراق بېرىپ، نۇرۇملارغا چاي قاينىتىپ بېرەي. يەنە ئاغىچا خېنىم كۆرۈپ قېلىپ، بۇ يەردە كەچكىچە ئۆزىنى ئاشلىتىپ، ئۈچىسىنى تۇتقۇزمىسۇن.

غۇنچەم: بۈگۈن نۇرۇم قايسى خاماندا ئىشلەۋاتىدىغاندۇ؟

پاتەمخان: نۇر، تۇرغان، شاڭيۇمنىڭ مالچىسىنىڭ ئوغلى ئامانتاي ئۈچى يۇقىرىقى يەردىكى خاماندا چەش قىلىنغان بۇغدايىنى توشۇۋاتىدۇ. (پەس ئاھاڭدا) ئۇلارچۇ بىر ـ بىرى بىلەن سىرداش بولۇپ قاپتۇ. ھەممىشە سىنىڭ قايغۇڭنى يەپ يۈرىدۇ (ماڭىدۇ).

غۇنچەم: پاتىمىدە، نۇرۇم ۋاقىت تېپىپ ماڭا بىر يولۇقۇپ كەتسۇن، خاپا بولماي دەپ قويسىلا.

پاتەمخان: بولـدۇ، خاتىرجەم بول (چىقىپ كېتىدۇ، غۇنچەم خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغاندا، شەرۋان ئۆيقۇدىن ئويغانغان قىياپەتتە ئەسنەپ ئىچكىرىدىن چىقىدۇ).

شەرۋان: (چېلەكلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ) ئۇ لالما خوتۇن ئۆزى قېنى؟

غۇنچەم: جاڭزىغا قايتىپ كەتتى.

شەرۋان: شۇنچىۋالا كالىدىن چىققان سۈتنىڭ ھەممىسى مۇشۇمىكىن؟

غۇنچەم: سىلەرنىڭ كالىلىرىڭلارنىڭ سۈتىنى مەن نەدىن بىلەي؟

شەرۋان: (تەنە قىلىپ) ۋاي نازۇكەي، بۇرۇن بىلمىگەن بولسىڭىز، ئەمدى بىلىپ قالارسىز.

غۇنچەم: مەن بۇ يەردە تۇرمايمەن.

شەرۋان: نەدە تۇرىسەن؟

غۇنچەم: ئۆز ئۆيۈمگە كېتىمەن.

شەرۋان: (زاڭلىق كۈلكە بىلەن كۈلۈپ) چۆچۈرىنى خام ساناپ يۈرۈپسەن. مەن ساڭا ياخشىلىقچە ئېيتىپ قويىاي، نۇرنى ئېسىڭدىن چىقىرىۋەت، ئەمدى مۇشۇ ئۆينىڭ ئادىمى بولىسەن. كىرپىدەك تۈگۈلۈۋالماستىن يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئىشلەپ، مۇشۇ ئۆينىڭ بىر پارچە نېنىنى ھالاللاپ يېيىشنى ئۆگەنگىنىڭ ياخشى.

غۇنچەم: سىلەرمۇ سانىماي سەككىز دېمەڭلار! مەن ھېچ قاچان سىلەرنىڭ دېگىنىڭلارغا كۆنمەيمەن.

شەرۋان: دۆنى كۆندۈرىدىغان ئۆي بۇ. سەن نەگە بارالايسەن؟

غۇنچەم: مەن ئۆز ئۆيۈمگە بارالايمەن. بېغىمدا ئەركىن يۈرۈپ ئىشلەپ ئۆزۈمنىڭ نېنىنى يېيەلەيمەن.

شەرۋان: ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يۈرۈپسەن.

غۇنچەم: مەن سىلەرگە سېتىلىپ كەتكەن قۇل ئەمەس.

شەرۋان: نېمە ئىكەنلىكىڭنى كۆرسىتىپ قويىمەن (ئالدىراپ ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ).

غۇنچەم: سېنىڭ ئۇ ماڭقا بايۋەچچەڭگە ئۆلۈكۈممۇ تەگمەس. نۇرۇمنىڭ بېشى ئامان بولسا، مېنى سەن زالىمنىڭ ئالدىدا سارغايتىپ، قۇل قىلىپ قويماس. (ئۆلۈغ ـ كىچىك تىنىپ) خۇدايىم، بىزنى ئۆز ئۆيىمىزدە ئاتا ـ

ئانىلىرىمىزنىڭ چىرىغىنى يېقىپ، شۇنداق چىرايلىق بېغىمىزدا خۇشال ـ خۇرام بىللە ئىشلەپ ئۆتكۈزۈشكە يەتكۈزەر. (يەنە ھەسرەتكە چۆمىدۇ، شەرۋان قولىدا مۆھۈرلۈك خەت كۆتۈرۈپ چىقىدۇ.)

شەرۋان: مانا ماۋۇ تىلىگىدىن بەرگەن ھۆججەتنى ئوقۇ. (سۇنىدۇ.)

غۇنچەم: بىلمەيمەن.

شەرۋان: ھە راست. سەن سەھرالىق خەت تونۇيتتۇڭمۇ، قۇلاق سال، ئوقۇپ بېرىمەن. (كۆرەڭلىك بىلەن ئوقۇيدۇ.)

تىل خەت

تارىخى ھىجرىيە 1332 ـ يىل ماھى شەئبانىنىڭ 24 ـ كۈنى ئەردى. مەنكى سىدىق ئاخۇننىڭ قىزى غۇنچەم يۇرت كاتتىلىرىنىڭ ئالدىدا ئۆز تىلىمدىن ئۇشبۇ ھۆججەتنى بېرىمەن. ئانام زورىخاننىڭ ئۆلۈم مەرىكىسىگە يۇرت ئاتىمىز ئۆمەر شاڭيۇم تەرىپىدىن 230 تەڭگە خىراجەت قىلىندى ۋە يەنە يەتتە نەزىرى ئۈچۈن 125 تەڭگە خىراجەت قىلىندى. شۇبۇ پۇللار بەدىلىگە ئاتا ـ ئانامدىن قالغان ئۆي ـ جاي ۋە بېغىمنى شاڭيۇ ئاكامغا رەھنە تەرىقىسىدە تەسەررۇپ قىلىشقا تاپشۇرىمەن. بۇ قەرزلىرىمنى تامامەن تۆلەپ بولغۇچە شاڭيۇ ئاكامنىڭ ۋەسلىگىدە بولۇپ، كۆرسەتكەن يولى بىلەن ماڭىمەن. ئىجازەتسىز ھېچقاياققا كەتمەيمەن. (خەتنىڭ ئايىغىدىكى مۆھۈر ۋە قويۇلغان قوللارنى كۆرسىتىپ) مانا بۇ ئۆزۈڭنىڭ قولى، مانا خاتىپ ئاخۇنۇم، ھاشىمبايلارنىڭ گۇۋاھلىق تامغىلىرى، مانا ئەلەم ئاخۇننىڭ تەستىقلىغان مۆھۈرى. سەن ئاللىقاچان بىزنىڭ ئىختىيارىمىزغا ئۆتۈپ كەتكەن. (سىرتتىن سېيىت بىلەن باستىنىڭ پاراڭ سېلىپ كىرىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ.)

باستى: سېيىتجان، تېيىڭنىڭ يورغىسى قالتىسكەن جۇمۇ، مېنىڭ ئېتىم يۈرتۈپ كېتەلمىدى ـ دە.

سېيىت: بۇنى مەن تېخى بولۇشىغا قويۇپ بەرمىدىم. ئەگەر راسا يورغىسىغا سالىدىغان بولسام، خېلى ـ خېلى ئاتلىرىڭ چېپىپ يېتەلمەيدۇ. مەشرەپ، ۋا مەشرەپ!

(مەشرەپ باغ تەرەپتىن چىقىدۇ.)

مەشرەپ: سېيىتجانلار شەھەردىن چىقىپتۇ ـ دە. (تالا تەرەپكە ماڭىدۇ، غۇنچەم ئۆي تەرەپكە ماڭغاندا)

شەرۋان: ھوي ئاسماندىن چۈشكەن كۆك مونچاق، ماۋۇ سۇتلەرنى ئەكىرىپ پىشۇرۇپ قوي. (غۇنچەم قايتىپ كېلىپ چېلەكنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ. باست بىلەن سېيىت قامچا تۇتقان ھالدا كىرىدۇ. سېيىت غاچ ـ غاچ قىلىدىغان ئۆتۈك كىيىۋالغان، ئۇ كۆرەڭلىك بىلەن ئارقىسىغا قارايدۇ.)

سېيىت: ھوي مەشرەپ، مېنىڭ تېيىمنى ئېگىزرەك سوۋۇتۇپ قوي.

شەرۋان: (كۈلۈمسىرەپ باستقا قاراپ) پاھ سېيىتجاننى يىگىت قىلىۋېتىپسىلەرغۇ.

سېيىت: ئادەمنى زاڭلىق قىلمىغىنا ھوي.

شەرۋان: (سېيىتنىڭ سۆسەر تۇمىقىنى ئېلىپ كۆرۈپ) دېگەندەك تىكىپتۇ ـ دە بۇنى.

باست: ئۆتۈكنى دېمەمسىز. شەھەرنىڭ كوچىلىرىدا غاچىلدىتىپ مېڭىۋىدى ھەممىسى قارىشىپ قالدى.

شەرۋان: ھېكىم بەگنىڭ ئوغلىمىكىن دېدى ـ دە، ئۇلار.

باست: سېيىتجان ماڭا رەھمەت ئېيتسا بولىدۇ. ماشىنىچى، موزدۇز بىلەن تۇماقچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئۆتۈكۈمنىڭ جۇلۇقى چىقىپ كەتتى.

شەرۋان: ھە...ھە، رەھمەت ئېيتسا بولىدۇ. ھەممىمىز بۇنىڭ يولىدا پاي ـ پىتەك بولۇپ كەتتۇق.

سېيىت: ۋاي ـ ۋۇي، (بىر پۇتىنى ئالدىغىراق چىقىرىپ، قولى بىلەن چاپىنىنى تارتىپ) گادايمۇ كىيەلەيدىغان بۇ كىيىملىرىڭگە ھەممىڭ مىننەت قىلىشىپ كەتتىڭغۇ.

شەرۋان: مىننەت قىلغان بولامدىكەن، قۇرغۇيدەك بىر يىگىت بولۇپ قالغىنىڭغا ھەممە كىشىنىڭ مەستلىكى كېلىۋاتىدۇ، بىز تېخى ساڭا داداڭنىڭكىدەك بۆرە جۇۋا تىكتۈرۈپ بېرىمىز. سەن نېمە ئويلاپ يۈرىسەن. بىز تاپقان ھەممە دۇنيانى سېنىڭ ئۈچۈن يىغىۋاتىمىز.

باست: شۇنداق بولماي، بىر تال ئوغۇل ـ دە. (سېيىتقا قاراپ) ئاپاڭ بىلەن داداڭنىڭ سۆزىدىن چىقمىساڭ، ھەممىگە سەن خوجايىن ـ دە، سېيىتجان.

سېيىت: بولدى ـ بولدى، يەنە قۇلاق ـ مېڭەمنى يېگىلى تۇردۇڭلارغۇ. (ئۆتۈكىنى غاچىلدىتىپ تالا تەرەپكە كېتىدۇ.)

شەرۋان: (باسىت تەرەپكە بېشىنى ئېگىپ) نېمە دەيدۇ، ماقۇل بولدىمۇ؟

باسىت: شۇنچە گەپ قىلدىم، ھېچ يېقىن كەلمەيدىغۇ.

شەرۋان: زادى نېمە دەيدۇ؟

باسىت: دادام شەھەردىن ئۆيلەپ قويىمەن دەپتىكەن. ھەممىنى قىلىپ يۈرگەن ئاپام، مەن كەمبەغەلنىڭ يېتىم قىزىنى ئېلىپ، يۇرت ئىچىدە قانداق بېشىمنى كۆتۈرۈپ يۈرىمەن، دەپلا تۇرىدۇ.

شەرۋان: ئۇنىڭ بۇ سۆزىغۇ بىردىنبىر توغرا. بۇ قىزنىڭ نەسلى بىزگە توغرا كەلمەيدۇ. بىراق شۇنداق بىر يېرى توغرا كېلىپ قالدىكى، غۇنچىنى سېيىت ئۆزى ئەمرىگە ئالماي پەقەت بولمايدۇ.

باسىت: ئەمدى ئۇنىمىسا، تاشنى تاياقتا تاڭىمىز شەرۋان ئاغىچا.

شەرۋان: سىز ئۇنىڭغىچۇ ئاپاڭمۇ غۇنچىنى ساڭا ئۆمۈرلۈك خوتۇنلۇققا ئېلىپ بەرمەيدىكەن، بۇگۈن ئەمرىگە ئېلىپلا ئەتىسى قويۇۋەتسىمۇ مەيلى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىمىزگە مۇۋاپىق كېلىدىغان يەردىن ئۆيلەپ قويىمىز دەيدۇ، دەڭ.

باسىت: بولىدۇ ـ بولىدۇ، سېيىتجاننى ماقۇل قىلىپ بىر تون كىيدىكەنمىز ـ دە، شەرۋان ئاغىچا. (ماڭىدۇ.)

شەرۋان: تون ئايلانسۇن.

باسىت: (توختاپ) سېيىتجان بىر ياققا كېتىپ قالمىسۇن، كەچكىچە مەن ئۇنىڭ كەينىگە كىرەي. (چىقىپ كېتىدۇ، شەرۋان ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ، يىراقتىن نۇرنىڭ ناخشىسى ئاڭلىنىدۇ.)

بىر نەچچە مەھەل بولدى،
مەن يارنى كۆرەلمىدىم.
بىللە ئوينىشىپ ئىشلەپ،
لېۋىڭگە سۆيەلمىدىم.

(غۇنچەم چىقىپ تىڭشاپ، ئاستا باغ تەرەپكە ماڭىدۇ.)

ئامرىقىم غۇنچەم بويۇم،
مېھرىبان چولپان كۆزۈم.
ئاھ ئۇرۇپ ھەسرەتتە سەن،
دەردىڭگە دەرمان بولمۇدۇم.

(نۇرۇم باغ تەرەپتىن كېلىدۇ.)

غۇنچەم: نۇرۇم!

نۇرۇم: غۇنچەم! (بىر ئاز جىم) تىنچ تۇرامسىز، ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ؟

غۇنچەم: بۇ يەردىكى ئەھۋالنى ئۇققانسىز؟

نۇرۇم: پاتىمىدەم ھەممىنى دەپ بەردى. سىزنىڭ مەشەگە كېلىپ قالغىنىڭىز ناھايىتى يامان بولدى.

غۇنچەم: ساختىپەز شاڭيۇ يۇرت ئالدىدا «قىز بالا دېگەن پۈتۈن بىر قورۇدا يالغۇز قالسا بولمايدۇ. ئاتىسىنىڭ ئورنىدا ئاتىدارچىلىق قىلىمىز، ئانىسىنىڭ قىرىقى توشقۇچە بىزنىڭكىدە تۇرۇپ تۇرسۇن» دەپ ئەكىلىۋالدى. مانا ئەمدىزە شەرۋان مېنى كېلىن قىلىپ، قۇل قىلىش ئۈچۈن 3 ـ 4 كۈن ئىچىدە ئوغلىغا نىكاھ قىلدۇرماقچى.

نۇرۇم: جادۇگەر، ئۇخلاپ چۈش كۆرۈۋېتىپتۇ.

غۇنچەم: تووۋا قىلدىم خۇدايىم. (ياقىسىنى تۇتىدۇ.) سىز تېخى بۇ ئۆيدىكى ئىپلاسلىقلارنى تازا كۆرمىدىڭىز. ئۇ كۈنى شاڭيۇ بىلەن ئاغىچا ئىچكەركى سارايدا ۋارقىرىشىپ كەتتى. نېمە جېدەلكىن دەپ قۇلاق سالسام، ئاتىدارچىلىق قىلىدىغان مەرەز، «ئوغلۇم ئۇنىمىغاندىن كېيىن چوڭ توي قىلىپ ئۇنى شەھەردىن ئۆيلەيمەن، سەن بۇنى ماڭا توقالىلىققا ئېلىپ بېرىسەن» دەپ ۋاي سېلىۋېتىپتۇ. مەن بۇ ئۇياتسىزلىقلارغا قانداق چىدايمەن؟ (كۆزىدىن ياش ئاقىدۇ. نۇرۇمنىڭ ئىككى مۈرىسىنى تۇتۇپ) مەن بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا ھەرگىز تۇرالمايمەن. يۈرىكىم ئېزىلىپ كەتتىغۇ نۇرۇم!

نۇرۇم: (غەزەپ بىلەن) ئادەم سۈرەتلىك بۆرىلەر! (غۇنچەمنىڭ چېچىنى سىلاپ) جېنىم تېنىمدە ئېسەن بولسا، مەن سىزنى ھېچقاچان بۇ قارا نىيەتلەرنىڭ ئالدىدا خار قىلىپ قويمايمەن. مېنىڭ ئىشىممۇ ئاياغلاشتى. بۇ

كەچقۇرۇن شاڭيۇ بىلەن ھېسابلىشىپ، ئەتە ئىككىمىز ئۆزىمىزنىڭ بېغىغا كېتىمىز.

غۇنچەم: قاراڭ نۇرۇم، بۇ يەردە يەنە بىر گەپ بار.

نۇرۇم: قانداق گەپ؟ (ھەيرانلىق بىلەن قارايدۇ.)

غۇنچەم: شەرۋان «سەن بىزنىڭ ئىختىيارىمىزغا ئۆتۈپ كەتكەن. بۇ يەردىن ھېچ يەرگە كېتەلمەيسەن. باغلىرىڭمۇ بىزنىڭ ھېسابىمىزدا، مانا تىلىگىدىن بەرگەن ھۆججىتىڭ» دەپ بىر مۆھۈرلۈك خەتنى كۆرسەتتى.

نۇرۇم: سىز شۇنداق دەپ ھۆججەت بەرگەنمۇ؟

غۇنچەم: مەن مەشەگە كەلگەن كۈننىڭ ئەتىسى شاڭيۇ يۇرت چوڭلىرىدىن 5 ـ 6 كىشىنى چايغا چاقىرىپ، شۇلارنىڭ ئالدىدا گۆرىدە تىنچ ياتسۇن دەپ ئاپىڭىزنىڭ ئۆلۈم مەرىكىسى، يەتتە نەزىرىگە قىلىنغان خىراجەت بىر پارچە ھۆججەت قىلىپ قويدۇق، بارمىقىڭىزنى بېسىپ قويۇڭ دېۋىدى، بېسىپ قويدۇم. ئۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ بېشىمنى باغلىۋالىدىغان بىر مۆھۈرلۈك خەت بولۇپ قېلىشىنى نەدىن بىلەي؟

نۇرۇم: ھۆججەتكە قانچىلىك پۇل يېزىلىپتۇ؟

غۇنچەم: ئۈچيۈز نەچچە تەڭگە.

نۇرۇم: ئۈچيۈز نەچچە تەڭگە؟ يالغان!

غۇنچەم: شۇ قەرزىڭ ئۈچۈن بېغىڭ بىزگە رەھنە دەيدۇ.

نۇرۇم: سېتىلغان ئۆي ـ جابدۇقلارنىڭ پۇلى نەگە كېتىپتۇ؟ ھىيلىگەرلەر!... قېنى ھېسابلىشىپ كۆرەيلىچۇ؟! شۇ چاغدا ھەممىسى ئاشكارا بولىدۇ. (باغ تەرەپتىن كەينى ـ كەينىدىن ئىككى چالما چۈشىدۇ. نۇر سىنچىلاپ قاراپ) شورىدىن بىر كىشى چۈشۈۋاتىدۇ. سىز كىرىپ كېتىڭ، مەن مۆكۈپ تۇراي. (نۇر بېدە لاپىسى كۆرۈنۈپ تۇرغان تەرەپكە مۆككىلى كېتىدۇ. غۇنچەم ئاشخانىغا كىرىدۇ. ھاشىم باي قارىياغاچنىڭ دالدىسىغا كېلىپ، ئۇششىتىپ يوقاپ كېتىدۇ. شەرۋان ئۆيدىن چىقىپ باغ تەرەپكە جىلۋە قىلىپ كىرىپ كېتىدۇ. بىر ئازدىن كېيىن ۋارقىراشقان ئاۋازلار، ئىتنىڭ قاۋاشلىرى ئاڭلىنىدۇ. شەرۋان قارىياغاچنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئارقىدىن كەلگەن نۇرغا ئېسىلىدۇ.)

شەرۋان: ھوي لالما، سەن بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ (نۇر ئىتتىرىۋېتىدۇ، شەرۋان يىقىلىدۇ.) ۋىيەي ـ ۋىيەي، ۋان جان...

نۇرۇم: لالما دەپ ساڭا ئوخشاش كۆرسۇككە كىرگەن قانجۇققا ئېيتسا بولىدۇ.

شەرۋان: تىلىڭ قۇرىغۇر، ۋاي بېشىم.

مەشرەپ: (يۈگۈرۈپ كېلىپ) نېمە بولدى، نېمە بولدى؟

شەرۋان: ھوي مەشرەپ، تۇت ما دۈيۈزنى. (مەشرەپ نۇرنى تۇتۇشقا يېقىن ماڭغاندا، نۇر مۇشتۇمنى تەڭلەيدۇ.)

نۇرۇم: سەن نېرى تۇر ئالجىغان، بىكار ئۇرۇۋېتىمەن!

مەشرەپ: (ئارقىسىغا داجىپ) ھو... ھو... مانىڭ پەيلىنى.

نۇرۇم: كۆردۈڭمۇ خوجايىنلىرىڭنىڭ كارامىتىنى، مانا سىرى ئاشكارا بولدى. شەرمەندىسى چىقتى. مانا قولغا چۈشتى. (دەل شۇ پەيتتە شاڭيۇ شەھەردىن دەن ھەيدىگىلى چىققان، قىلىچ ئاسقان بىر يايى بىلەن كىرىپ كېلىدۇ.)

شاڭيۇ: ھە، نېمە قولغا چۈشتى، ھە، بۇ نېمە ئىش؟!

نۇرۇم: شەرمەندىلىك.

شەرۋان: (ئىككى ئالىقىنى بىلەن يۈزىنى تۇتۇپ) ۋاي شورىمەي، تىلىڭ قۇرىغۇر يۈزسىز. (تۇرۇپ شاڭيۇغا ئەرز قىلىپ) بۇنىڭ پەيلى يامان. ۋاقتىدا چىقىرىۋېتەيلى دېسە ئۇنىمايدۇ، مانا ئەھۋال، مانا شەرمەندە.

شاڭيۇ: قېنى نېمە گەپ؟

شەرۋان: قالغان ـ قاتقان شاپتۇللار بولسا ئالاي دەپ باغقا كىرسەم، ماۋۇ يۈزى قارا مۆكۈپ تۇرۇپتىكەن، تۇيۇقسىز چىقىپلا ماڭا زورلۇق قىلماقچى بولدى. قاچسام قوغلاپ كېلىپ ئۇرۇۋاتىدۇ. (يىغلاپ) ھېلىمۇ ياخشى مەشرەپ كېلىپ قالدى. بولمىسا مېنى ئۆلتۈرۈۋېتەتتى.

نۇرۇم: يائالla ـ يائاللا (ياقىسىنى تۇتىدۇ).

شاڭيۇ: ھوي تۇزكور مۇناپىق، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟!

نۇرۇم: شاڭيۇكا، ھەقىقەتنى سۈرۈشتۈرىۋېرەك ئىش قىلىڭ.

شەرۋان: بۇ دۈيۈز يەنە ماڭا تۆھمەت قىلىپ قۇتۇلماقچى.

نۇرۇم: ئەستاغپۇرۇللا، مانا قاراڭلار! بالا چاپلاشقا نېمىدېگەن ئۇستىلىق ھە!

شەرۋان: ھوي مەشرەپ، سەن سۆزلىگىنە!

شاڭيۇ: (مەشرەپكە) سەن نېمە كۆردۈڭ؟

مەشرەپ: ئاتقا بىدە توغراۋاتسام، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ چىقىپ كەتتى. باغقا كىرسەم، نۇر ھەددەمگە ئېسىلىۋاپتۇ.

نۇرۇم: (مەشرەپنىڭ گېپىنى بۆلۈپ) سېتىلغان يالاقچى! (شاڭيۇغا قاراپ) بولدى بۇ يەردە كىشى بار، مېنى يالغۇز ئۆيگە ئەكىرىپ سوراڭ، ھەممىنى ئېيتىپ بېرىمەن.

شاڭيۇ: (شەرۋانغا) سەن ئۆيگە كىرىپ كەت، بۇ مۇناپىق بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشىمەن. (شەرۋان كىرىپ كېتىدۇ). ھەي مەشرەپ، سەن بېرىپ يامۇلدىن دەن تۆكمىگەنلەرنى ھەيدىگىلى چىقىپتۇ دەپ باستىنى باشلاپ كەل. (مەشرەپ چىقىدۇ) سەن ئاق ئادەم ئىكەنسەن، ئىشىڭ جاڭزىدا تۇرسا، بۇ يەرگە نېمىدەپ كەلدىڭ؟

نۇرۇم: جاڭزىدا ئىشىم تۈگىدى. ئەمدى ھېسابلىشىپ ھەققىمنى ئېلىپ كېتىمىز.

شاڭيۇ: كېتىمىز، تېخى «مەن» ئەمەس، «بىز» دەپ قويۇڭ. سېنىڭ مەندە ھېچ ھەققىڭ قالمىدى.

نۇرۇم: مېنىڭ يازچە ئىشلىگەن ھەققىم نەگە كەتتى؟

شاڭيۇ: يازچە تاماكا چېكىمەن دەپ 20 تەڭگە ئالدىڭ، ئات ئاپقاشتۇرۇپ بىر ھارۋىنى سۇندۇردۇڭ، تۆت تاغار بۇغدايىنى ئوغرىغا بەردىڭ. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى گەدىنىڭدە تۇرۇپ مەندە نېمە ھەققىڭ قالماقچى؟ ھېسابلاشساڭ تۆلەيدىغان پۇلۇڭنى تەييارلاپ قوي.

نۇرۇم: ئۇقۇلدى، سىلەرنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغىنىڭلار. چوڭ ئاپامنىڭ ھېسابىمۇ شۇنداقلا ئەپلەپ توقۇمدەك يامالغان ئىكەن ـ دە!

شاڭيۇ: چوڭ ئاپاڭنىڭ ھېسابىنى قويۇپ ئاۋۋال ئۆزۈڭنى بىل مۇتىھەم بۇزۇق. (مەشرەپ، باست كىرىدۇ).

نۇرۇم: شاڭيۇكا، ئاۋۋال پېشانىڭىزنى سىلىۋېتىپ ئاندىن قىلىڭ ئۇ گەپنى.

شاڭيۇ: نېمە، نېمە دېدىڭ؟

نۇرۇم: (تەنە قىلىپ) جانابلىرى نېمە دېگەن بولسا، شۇنى دېدىم.

باست: (نۇرغا) ھاي نائىنساپ تارت تىلىڭنى، بىھۆرمەتلىك قىلما.

نۇرۇم: ھۆرمەتلىك ئەللىكبېشى، ئىنساپ قىلىشنى بىزگە ئاتىدارچىلىق قىلىدىغان شاڭيۇكامغا ئېيتسىڭىز ئادالەت بولىدۇ.

شاڭيۇ: (مەشرەپكە) ئارغامچا ئەكە! (مەشرەپ «خوپ» دەپ ئاشخانىغا كىرىدۇ) مەن بۇ هارامزادىگە ئادالەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويىمەن.

يايى: بۇرنىنىڭ بېزى ئۆسۈپ كەتكەن نېمىكەنغۇ بۇ، جاجىسىنى بېرىپ قويۇش كېرەك بۇنىڭ. (مەشرەپ ئاغامچا ئېلىپ چىقىدۇ.)

شاڭيۇ: باغلاڭلار، بۇ قارا نىيەتنى. (باسىت يايى بىلەن باغلاشقا تۇتۇنغاندا، نۇر يايىنى ئىتتىرىۋېتىپ، باسىتنى بىر مۇشت بىلەن يىقىتىۋېتىدۇ.)

نۇرۇم: نېمە گۇناھىم ئۈچۈن باغلايسەن مېنى، يازىچە ئىشلەپ بەرگىنىم ئۈچۈنمۇ، ئاغىچىنىڭ شەرمەندىچىلىكىنى ئاشكارا قىلغانلىقىم ئۈچۈنمۇ، ياكى غۇنچەمگە قۇرغان تۇزاقلىرىڭنى يوشۇرۇش ئۈچۈنمۇ؟ هەي شاڭيۇ، كىمنىڭ قارا نىيەت ئىكەنلىكى ھەقىقەت ئالدىدا، پۈتۈن خەلقى ـ ئالەم ئالدىدا ئاشكارا بولىدۇ.

شاڭيۇ: قورقۇنچاقلار، نېمە قاراپ تۇرسەن، باغلا! (نۇرغا يېقىن كېلىپ قامچا سالىدۇ.)

يايى: (قىلىچىنى سۇغۇرۇپ) ھەي ئوغرى، قارشىلىق قىلساڭ چاپىمەن!

نۇرۇم: كەل قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىلىش. (ھەممىسى نۇرۇمنى تۇتۇپ باغلايدۇ.)

شاڭيۇ: ئاپارغىن، قارىياغاچقا باغلا. (نۇرنى قارىياغاچقا تاڭىدۇ.)

نۇرۇم: قولۇڭدىن كەلسە، ئاسمىنىڭنى تاشلىۋەت، ھەقىقەت ئېگىلىدۇ، سۇنمايدۇ.

شاڭيۇ: ئۇ مۇناپىقنى. (يايى نۇرنى قامچىلايدۇ، ئۆيدىن غۇنچەم يۈگۈرۈپ چىقىدۇ.)

غۇنچەم: نۇرۇم! (يايىغا ئېسىلىۋېلىپ) ھوي جاللات، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتەمسەن بىچارىنى، نېمە قىلدى سىلەرگە شۇنچە.

شاڭيۇ: (مەشرەپكە) ھوي، ھوي ما قىزنى ئۆيگە تارت! (مەشرەپ «جۇرۇڭ» دەپ قولىدىن تارتقاندا، غۇنچەم سىلىكىۋېتىدۇ.)

غۇنچەم: شاڭيۇ ئاتا! نۇرۇمنى قويۇۋېتىڭ. (يىغلايدۇ.)

نۇرۇم: يالۋۇرۇش ئۆلۈمدىن يامان غۇنچەم. بىزمۇ ئەنتىمىزنى ئالىدىغان بىر پەيت كېلىدۇ.

شاڭيۇ: (غۇنچەمگە) تېز يوقال! بۇ ئۇياتسىزنىڭ يېنغا كەلگۈچى بولما. (مەشرەپكە) نېمە قاراپ تۇرىسەن، ئاپار ئۆيگە. (مەشرەپ غۇنچەمنى قولىدىن تارتىپ ئۆيگە ئېلىپ كېتىدۇ. غۇنچەم بىر ئازدىن ئۆيدىن چىقىپ يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ تالاغا چىقىپ كېتىدۇ.)

نۇرۇم: ئۇياتسىزلىق، ناھەقلىق، تۆھمەت، خىيانەت، بۇزۇقچىلىقنىڭ ئۇستىلىرى، يەنە بۇ سۆزلەرنى باشقىلارغا سۈۋاپ قويغان ھىيلىگەرلىكىڭلەرگە لەنەت!

شاڭيۇ: ئۇر ئاغزىغا. (ئۆزى ھەم يايى قامچا بىلەن ئۇرۇشقا باشلايدۇ.)

نۇرۇم: ئۇر زالىملار، قىنىمىزنى ئىچ!

باست: نۇر، تىلىڭنى تارت دەيمەن، بىكار تاياقتا ئۆلۈپ كېتىسەن. (نۇر بېشىنى تۆۋەن سېلىپ جىم بولۇپ قالىدۇ. باست شاڭيۇنى تۇتۇۋېلىپ) بولدى قويۇڭلار ئەمدى، ئۆلۈپ قالمىسۇن (ئۇرۇشتىن توختايدۇ).

شاڭيۇ: ھىم... توختاپ تۇر، مەن ساڭا ئۆزۈمنى بىر تونۇتايكىن، سەن گەدەنكەش كىمگە قارشى چىققانلىقىڭنى شۇ ۋاقىتتا بىلىسەن! (باستقا) باست، جوگۇ سەن ماۋۇ شەنگەن يامۇلنىڭ يىگىتىگە ھېلىقى ئازنىباقى بىلەن ياقۇپ دېگەن گەدەنكەشلەرنى ھەيدىتىپ كەل، ماۋۇ مۇناپىقنى قوشۇپ ئۇچىنى شەنگەن يامۇلغا كىرىپ قامىتىپ قويايلى.

باست: خوپ شاڭيۇكا، ھازىر يەتكۈزۈپ كېلىمىز. (يايىغا) زەنجىر ـ كويزىلىرىڭىز بارمۇ؟

يايى: ئاتنىڭ غانجۇغىسىدا ھەممىسى تەييار.

شاڭيۇ: لوزۇڭغىمۇ، بۇ يىگىتكىمۇ، قەدەم ھەققىنى يۇرتتىن ئوبدانراق يىغىپ بەر.

باست: بىز ھېچقاچان بۇلارنى رەنجىتمەيمىز ـ دە. (يايى بىلەن باست چىقىپ كېتىدۇ.)

شاڭيۇ: (قولىنى نۇرغا شىلتىپ) سەن موخونى ئۆمۈر بويى يامۇلدا چىرىتىۋەتمىسەم توختاپ تۇر. (ساراي تەرەپكە كىرىپ كېتىدۇ، قايغۇلۇق مۇزىكا چېلىنىدۇ. ئازدىن كېيىن غۇنچەم تالادىن كىرىپ، ئاشخانىدىن بىر چىنە سۇ كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئېھتىيات بىلەن نۇرنىڭ ئالدىغا بارىدۇ.)

غۇنچەم: نۇرۇم، نۇرۇم بىشىڭىزنى كۆتۈرۈڭ. سۇ ئەكەلدىم، ئىچىڭ. (چىنىسىنى نۇرنىڭ ئاغزىغا تۇتىدۇ.)

نۇرۇم: (سۇنى ئىچىپ جانلىنىپ) غۇنچەم جىنىم، كۆردىڭىزمۇ؟ مانا بۇ ئادەملەرنى تونۇپ قويۇڭ، بۇ يەردىن قىچىش كېرەك.

غۇنچەم: قاچايلى (نۇرنى يىپىشىكە ئۇرۇنۇپ) مەن جاڭزىغا بىرىپ ئامانتاي بىلەن تۇرغانكاملارغا خەۋەر قىلىپ كەلدىم. (باغ تەرەپكە قاراپ) ئەنە ئۇلارمۇ باغنىڭ شورىسىدىن چۇشۇپ كىلىۋاتىدۇ.

نۇرۇم: ناھايىتى ياخشى بوپتۇ. يامۇلغا ھەيدەپ كەتسە، قۇتۇلماق تەس بولاتتى.

غۇنچەم: (يىقىن كىلىپ قالغان ئامانتايغا) ئامانتاي مەيەرگە كەل. كاساپەتلەر ئەجەب چىڭ باغلىۋىتىپتۇ.

ئامانتاي: ياپپىراي جىنىم نۇر، باي ئەكەڭ قۇرۇتۇپتۇغۇي سىنى، ئۇشۇقچە جازىغىڭ نى ئىدى. (ئارغامچىنى يىشىدۇ، تۇرغان يىراقتىن ئەتراپنى بايقاپ تۇرىدۇ.)

نۇرۇم: (بىلەكلىرىنى ئۇۋۇلايدۇ. ئۆي تەرەپكە نەپرەپ بىلەن قاراپ) ئاغىنىلەر بىلىپ قويۇڭلار! بىزگە كىم دوست، كىم دۇشمەن ئىكەنلىكىنى بۈگۈن بۇلار بىزگە ئاپئاشكارا تونۇتتى.

ئامانتاي: چاڭيۇنىڭ قورلىغىن بىزدە كۆپ تارتىققۇي، ئانا جىلى قاشقىر تارتقان تۆرت قوي ئۇشۇن ئەكەمدى ئۆلەرشە سابادى، ئۇسۇ سۇرقىيە.

غۇنچەم: قان قۇسۇپ ئۆلەر ئىلاھىم.

ئامانتاي: ئەكەمە مالىنى باقتىرىپ مىندە تىگىن ئىستەتۇۋى زورلۇققۇي، بىزدەي كەدەيلەرنىڭ كىگى كوپقۇي مۇندا.

تۇرغان: (نۇرلارغا ئاستا يىقىنلىشىپ) ھەي، گەپنى قويۇڭلار، ئەتراپتا ھىچكىم كۆرۈنمەيدۇ؛ ئامانتاي، نۇرنى ئاۋۇلۇڭغا باشلا.

ئامانتاي: (غۇنچەمگە قاراپ) مىناۋۇ قارىنداستى قايتەمىز؟

تۇرغان: ھازىر بىللە قىچىشقا بولمايدۇ.

ئامانتاي: ئوي ـ باي يالغىز تاستاپ كىتەمىزپە؟

تۇرغان: ئاتلارنىڭ ئورنىنى قىلىپ، كەچتە ئىلىپ كىتىمىز. غۇنچەم سىز ئۆيگە كىرىپ كىتىڭ، بىزنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىمىزنى ھىچكىم سەزمىسۇن.

قىنى ئىككىڭلار بىر ـ بىرىڭلاردىن نېرىراق مېڭىپ شورىدىن چىقىڭلار، مەن يەنە ئەتراپنى بايقاپ تۇراي.

نۇرۇم: خوش غۇنچەم كۆرۈشكىچە ئامان بولۇڭ.

غۇنچەم: خوش نۇرۇم، مېنى بۇ يەردىن چاپسانراق قۇتقۇزۇپ كېتىڭلار (كۆزىدىن ياش تامىدۇ).

ئامانتاي: قارىنداسىم بىز سېنى جىرتقۇچنىڭ تىرناغىنىدا زارلىتىپ مۇندا تاستاپ قويمايمىز. (ئاۋۋال تۇرغان، كېيىن ئامانتاي بىلەن نۇرۇم باغنىڭ ئارقىسىغا كېتىدۇ. ئاندىن تاشقىرى هويلىدا ئىتلار قاۋاپ باسىت بىلەن يايى ئازنىباقى بىلەن ياقۇپنى بويىنىغا زەنجىر قولىغا كويزا سالغان هالدا هەيدەپ كىرىدۇ).

باسىت: مەن شاڭيۇكامنىڭ قىچقىرىپ چىقاي. (ساراي تەرەپكە كېتىدۇ.)

ئازنىباقى: (يايىغا قاراپ) قولۇمنى ئازراق بوشىتىپ قويساڭ، يامان ئاغرىپ كەتتى.

يايى: ئۇنىڭنى چىقارما قېرى، بىكار تاياققا ئۆلىسەن.

ئازنىباقى: سەندە رەهىم دېگەن نەرسە بارمۇ، مەن قېرى ئادەمغۇ؟!

يايى: رەهىمنى تېخى يامۇلغا كىرگەندە كۆرىسەن. (شاڭيۇ بىلەن باسىت ئۆيدىن چىقىدۇ.)

شاڭيۇ: هە، گەدەنكەشلەر، بولىدىغان ئەهۋالىڭ مۇشۇمۇ؟

ئازنىباقى: بۇ سىلىنىڭ ئىلتىپاتلىرى (قولىنى سوزۇپ كۆرسىتىدۇ).

شاڭيۇ: رەنىنى ۋاقتىدا تاپشۇرمىغاندىن كېيىن، هۆكۈمەتنىڭ سالغان ئالۋاڭ ـ ياسىقىغا چاتاق چىقىرىپ، يۇرت ئىچىدە پىتنە قىلغاندىن كېيىن مانا مۇشۇنداق بولىدۇ.

ئازنىباقى: رەهمەت شاڭيۇم، سىلىنىڭ مۇنداق ئادىللىق بىلەن يۇرت سورىغانلىرىغا.

شاڭيۇ: رەهمەت ئېيتىشقا تېخى ئالدىراپسەن. (ياقۇپقا يېقىپ كېلىپ) خوش، ئات ـ هارۋىسى بار يىگىت، نېمىشقا سۇ ئوغرىلىدىڭىز؟

ياقۇپ: سۇ ئوغرىلىغان كىمكەن؟

شاڭيۇ: نېمىشقا نۆۋىتىڭدىن تاشقىرى سۇ ئاچىسەن؟

ياقۇپ: سىلەرگە ئوخشاش قولى ئۇزۇنلارنىڭ نەچچە يۈز خولۇق يېرىگە سۇ تىنماي ئېقىۋاتسا، بىزگە ئوخشاش قولى قىسقىلارنىڭ 5 ـ 6 خو يېرىدىكى ئاشلىقى قۇرۇپ كېتىپ بارسا، كىم چىدايدۇ؟

شاكىيۇ: قۇرۇپ كەتسۇن ساڭا ئوخشاش ئەل رەسمىنى بۇزغۇچى ئوغرىلارنىڭ ئاشلىقى.

ياقۇپ: هەي شاكىيۇكا، كەمبەغەللەرنىڭ ئاشلىقى قۇرۇۋاتسا، ئۇلارنىڭ سۈيىنى قىسىپ، باشقىلارغا سېتىۋاتقان كۆكبېشى ئوغرىمۇ ياكى چاڭقاپ كەتكەن يېرى ئۈچۈن سۇ ـ سۇ دەپ يۈگۈرۈپ يۈرگەنلەر ئوغرىمۇ؟ بۇنى ھەقىقەتلىمەمسىز؟

شاكىيۇ: هەقىقەتلەيمىز. ساڭا ئوخشاش كۆك بېشىنى ئۇرغان نوچىلارنىمۇ هەقىقەتلەيمىز.

ئازنىباقى: ياقۇپ، ساددا بولمىساڭچۇ، ئادىل بەگلىرىم مانا بىزنى زەنجىرلەپ ئوبدان هەقىقەتلىدىغۇ. (قولىنى كۆتۈرۈپ، بوينىدىكى زەنجىرنى كۆرسىتىدۇ.)

يايى: ئاغزىڭنى يۇم!

شاكىيۇ: شەھەرگە هايدا بۇ رودۇپايلارنى، ئەتە شەنگەن يامۇلغا ئۆزۈم بېرىپ، لوزۇڭلارغا مەلۇماتنى ئۆزۈم بېرىمەن، ئاۋۇ مۇناپىقنى قوشۇپ هايدا. (نۇرنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ قېلىپ) هوي ئۇ قېنى؟... مەشرەپ، هاي مەشرەپ. (ئەتراپىنى ئاختۇرۇپ يۈگۈرۈشۈپ كېتىدۇ، پەردە چۈشىدۇ.)

## ئۈچىنچى پەردە
## 1 ـ كۆرۈنۈش

ئۆمەر شاكىيۇنىڭ ئىككىنچى پەردىدىكى هويلىسى. كەچ كىرىپ قالغان مەزگىل. ئاسماندا چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلار كۆرۈنىدۇ. مېھمانخانىنىڭ گۈللۈك چوڭ پەنجىرىلىرىدىن چىراغ يورۇقى چۈشۈپ تۇرىدۇ. ئايۋان، پېشايۋاندىكى ئېگىز چىراغىدانلار ئۈستىدە قارا چىراغلار يېقىلغان. هويلىنىڭ بىر چېتىدە يەرگە ئويۇلغان ئوچاقتا قۇرۇق قازان ئېسىقلىق، ئۇنىڭ يېنىدىكى ئوت چۆرىسىدە ئۈچ، تۆت چۆگۈن ۋە قايناپ تۇرغان بىر ساماۋەر بولۇپ، شۇ يەردە مەشرەپ قول قوشتۇرۇپ تۇرىدۇ.

ئايۋان ئىشىكى ئالدىدا شاكىيو، باسىت ۋە ھاشىمبايلار مەسلىھەتلەشمەكتە.

ھاشىمباي: شۇنداق قىلىپ نۇرلارنىڭ ھېچبىر ئىز ـ دېرىكى بولمىدىما شاكىيوكا؟

شاكىيو: شۇ قاچقانچە يوقالسىلا بولدىغۇ ھارامزادىلەر.

ھاشىمباي: قىز تالالىق قىلغۇچىمۇ ئۆزلىرى، ئوغۇل ئۆيلىگۈچىمۇ ئۆزلىرى بولىدىلا ـ دە، شاكىيوكا.

شاكىيو: باشقا گەپنى قويىلى، خوش ھاشىمباي، جامائەت بولسا يىغىلىپ بولدى.

باسىت: مەزىنلەرمۇ سېيىت بىلەن غۇنچەمگە ئاتا تۇتقۇزۇپ كېلىشتى.

ھاشىمباي: ئۇنداق بولسا، يىگىتلەرنى چاپسان ئېلىپ كېلىش كېرەك.

شاكىيو: يۈگۈر باسىت، سەن بارغىن.

باسىت: خوپ، ھازىر يەتكۈزۈپ كېلىمەن (چىقىدۇ).

شاكىيو: ھاشىمباي نىكاھلىنىقا قويىدىغان نەرسىلەرنى سەن قوي. (مەشرەپكە) ھەي مەشرەپ، مېھمانلارغا يەنە بىر قاتار چاي قۇيۇپ چىق. (ئايۋانغا كىرىپ كېتىدۇ، مەشرەپ چۆگۈن كۆتۈرۈپ مېھمانخانا تەرەپكە كېتىدۇ).

ھاشىمباي: جانان كۆرۈنمەيدىغۇ. (ئىچكىرىگە بويلاپ قارايدۇ.) شەرۋان ئاغىچا بىلەن بۇگۈن بىر ئۇچراشساق بولاتتى. (يانچۇقىدىن كىچىك قۇتىنى ئېلىپ ناس چېكىدۇ، 3 ـ 4 ناسنى پۈركۈپ) ئاغىچا ئاخىرى بۇ توينى قىلىپ كەتتى... ئالدىغا كەلگەننى دەسسەپ، كەينىگە كەلگەننى تېپىپ تۇرىدىغان شاكىيونىمۇ كۆندۈردى ـ دە، بالا خوتۇن. (شاكىيو ياغلىق قىلىپ يىرتىلغان بىر قانچە چىت ۋە بىر كىيىملىك رەت، پۇل سېلىنغان بىر نەچچە كونۋېرت كۆتۈرۈپ چىقىدۇ.)

شاكىيو: ماۋۇ رەخت بىلەن پۇل نىكاھ ھەققى ئۇچۇن خاتىپ ئاخۇنۇمغا (ھاشىمبايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ تۇرىدۇ.) ماۋۇ لوزۇڭ بېگىمگە، مانا بۇلار ئىككى يايىسىغا. (يىراقتىن ئۆلەڭ ئاھاڭى ئاڭلىنىدۇ.)

ھاشىمباي: بۇ توينى ناھايىتى بېخىللىق بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتىسىز ـ دە، شاكىيوكا. ھېچ بولمىسا، خاتىپ ئاخۇنۇم بىلەن لوزۇڭ بېگىمگە بىردىن تون ياپساق بولاتتى.

شاكىيو: ئۇمۇ بوپ قالار، توي بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمەيدۇ. ھېلىمۇ 3 ـ 4 كۈندىن بېرى يۇرتقا ئاش بېرىۋاتىمىز.

هاشىمباي: ئەلۋەتتە ھۆرمەتلىرى چوڭ بولغاندىن كېيىن ئىشىنىمۇ چوڭ تۇتۇش كېرەك. (داپ ـ دۇمباق، ئۆلەن ئاۋازلىرى يېقىنلىشىدۇ.)

شاڭيۇ: ئەنە ئاۋۇلارمۇ كېلىپ قالدى. باشقا گەپنى قويايلى. ماۋۇ ئىككىسى مەزىنلەرگە، قالغانلارغا مانا بىردىن ياغلىق. (ياغلىقلارنى بېرىپ ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ، سىرتتىن ئۆلەن ۋە باركاللا قىچقىرغان ئاۋازلار كېلىدۇ.)

ئۆلەن

مەستۇن ھەيران بولۇپتىمەن،
شۇبۇ كۈنلەردە.
ياتسام كېچە ئۇيقۇ كەلمەس،
قارا تۈنلەردە.

(بىر توپ ياشلار داپ ـ تەمبۇر چېلىپ، باركاللا قىچقىرىپ سەھنىگە كىرىدۇ.)

ھاي ـ ھاي ئۆلەن، ھاي ئۆلەن، گۈل قايدا بار يار ـ يار،
بىر ياخشىغا بىر يامان، ھەر جايدا بار يار ـ يار.
(ئىككى كىشى ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ.)
ھاي ـ ھاي ئۆلەن، ھاي ئۆلەن، بارمۇ ھايات يار ـ يار،
قارچۇغىدەك بويلىرىڭغا بولدۇم سەبيات يار ـ يار.

ھېزىم: بېقىشىپ ئويناڭلار، بېقىشىپ. (ئۇسسۇلچىلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ شەرەت قىلىپ ئويناپدۇ.)

1 ـ يىگىت: توشقان سوققان قوللىرىڭدىن!
ھاي ـ ھاي ئۆلەن، ھاي ئۆلەن، مەن نە قىلاي يار ـ يار،
خەنجەر ئېلىپ يۈرەكنى پارە قىلاي يار ـ يار.
ھاي ـ ھاي ئۆلەن، ھاي ئۆلەن، قار كېلىدۇ يار ـ يار،
بەرگى خازان تونىنى كىيىپ يار كېلىدۇ يار ـ يار.
بەرگى خازان تونىنىڭ بەرگى تولا يار ـ يار،
ئۆيلەنمىگەن يىگىتنىڭ دەردى تولا يار ـ يار.

ئەگىم ـ ئەگىم يوللاردىن ئىز كېلىدۇ يار ـ يار،
كىمخاپ تونغا پۈركىلىپ قىز كېلىدۇ يار ـ يار.
قىزىل ـ قىزىل پىيازنىڭ پوستى تولا يار ـ يار،
ئۆيلەنمىگەن يىگىتنىڭ دوستى تولا يار ـ يار.
قارا ـ قارا قارغىلار خاماندىدۇر يار ـ يار،
ئۆيلەنمىگەن يىگىتلەر ئارماندىدۇر يار ـ يار.

(ناخشا ـ ئۇسسۇل ئاياغلاشقاندا ئىچكىرىدىن باسىت چىقىدۇ.)

باسىت: پەتە ئوقۇشقا باشلىدى. قېنى يىگىتلەر ئىچكىررەك كىرىپ مېهمانخانىنىڭ ئىشىكىگە يېقىنراق تۇرۇڭلار.

يىگىت قولدىشى: سېيىت بېگىمنى ئوتتۇرىغا ئېلىڭلار.

هېزىم: هەي يىگىت قولدىشى، سېيىت بەگنىڭ تۇمىقىنى چۆكۈرۈپ قوي. (يىگىت قولدىشى سېيىتنىڭ تۇمىقىنى پېشانىسى تەرەپكە بېسىپ قويىدۇ. هەممىسى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ بىلەن ئايۋان ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ.)

مەشرەپ: (چۆگۈن كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئوتنىڭ ئالدىغا بارىدۇ.)

ۋاي ئىستەي، غۇنچەمدەك چىرايلىق، چېچەن قىز باينىڭ قوپال ماڭقا ئوغلىغا خوتۇن بولۇپ كېتەرمۇ، ياق، نۇرمۇ بوش كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ يۈرىكى قاپتەك بار، بۈگۈن پەيتنى قولدىن بەرمەس، نەدە بولمىسۇن يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ كۈنى مەن ئۇنىڭ يېرىم كېچىدە مۇشۇ باغقا كەلگىنىنى سېزىپ قالدىم. غۇنچەمنى ئېلىپ قېچىشنىڭ كويىدا يۈرسە كېرەك. بىراق، بۇلار غۇنچەمنى بىر نەچچە كۈن ئۆيگە سولاپ ئىشىكنى قۇلۇپلاپ قويىدى ـ دە، نۇرنىڭ كەلگىنىنى هەدەمگە ئېيتمىدىم. ئاپام، بىزمۇ كەمبەغەل بىر ئىشلەمچى، نۇرمۇ ئىشلەمچى تۇرۇپ، سەن نېمىشقا خوجايىنلارغا بولۇشۇپ ئۇلارنى پايلاپ يۈرسەن هە، يېتىملارنىڭ زېرىنى ئۇچۇن ئىشلەش ئۇياتسىزلىق ئەمەسمۇ دەپ تىللىغاندىن بېرى بىچارىلەرنى ماراپ يۈرمەيدىغان بولدۇم. (كۆپچىلىك نىكاهدىن قايتىشىپ مۇبارەكلىشىپ، ئىچكىرىدىن چىقىشىدۇ. داپ، تەمبۇر چالغانلار «بىز قىزنى كۆچۈرۈپ كەلگىلى بارايلى» دەپ تالاغا چىقىپ كېتىدۇ.)

2 ـ يىگىت: باللار سېيىتجاننىڭ يۈرىكى پوكۇلداۋاتىدۇ. (سېيىتقا) قورقما مارىمايمىز.

1 ـ يىگىت: ئۇخلاپ قالما يەنە بوگۇن.

ھېزىم: ئۇخلاپ قالسا، ئۆگزىنى تېشىپ سۇ قۇيىمىز.

سېيىت: ئۆلگۈك كەلسە، شۇنداق قىلارسەن.

ھېزىم: ھەر يوغان سۆزلىگەنلەرنى كۆرگەن بىز، ئۆيلەنگەن يىگىت! بوگۇن سىز ئىندىمەيدىغان كۇن.

2 ـ يىگىت: ئۆزۈڭلار بىلىڭلار دېمىسەڭ، تام تېشىپ تېرىق ئالىدىغان، مۇز تېشىپ بېلىق ئالىدىغان بۇ ھېزىم گۇتۇدىن بالاغا قالىسەن ـ دە، بوگۇن. (كۇلكە)

ھېزىم: ئۆز ئەمرىڭىزگە ئالدىڭىزمۇ دېسە، گۇشىيىپلا تۇرۇۋالىدىڭا سېيىت. مانا مەن سېنىڭ ئۇچۇن ئالدىم دەپ قويدۇم.

1 ـ يىگىت: نىكاھ ھېزىمگە ئۆتۈپ كېتىپتۇ ـ دە، ئەمىسە.

2 ـ يىگىت: ئۇنداق دەپ قويساڭ، بۇ بەغەرەز كۆشۈكىگە كىرىۋالمىسۇن يەنە (كۆپچىلىك كۇلۇشىدۇ.)

1 ـ يىگىت: بىراق شاكاراپقا چىلانغان نانىنىڭ يېرىمىنى سېيىت يېدى ـ دە.

باسىت: ھاي باللار، بىمەنە گەپنى قويۇڭلار.

ھېزىم: ھېچقايسىڭلار تاراپ كەتمەستىن يىگىت قولدىشىنىڭ ئۆيىگە بېرىڭلار. قىزنى كۆچۈرۈپ كەلگۇچە شۇ يەردە يەنە بەزمە قىلىپ ئولتۇرىمىز. (يىگىتلەر چىقىپ كېتىدۇ.)

شاڭيۇ: (ئۆيدىن ئالدىراپ چىقىپ) مەشرەپ باغنىڭ يان ئىشىكىنى ئېچىۋەت، جامائەت شۇ تەرەپ بىلەن چىقىپ كېتىدۇ. (شاڭيۇ كىرىپ كېتىدۇ. مەشرەپ باغ تەرەپكە يۈگۈرەيدۇ. يىراقتىن داپ ـ دۇمباق ۋە ئۇلەن ئاۋازى كېلىدۇ. ئازدىن كېيىن تالا تەرەپتىن تۇرغان يەنە ئىككى كىشى ساندۇق، ئورۇن ـ كۆرپە، بوپىلارنى كۆتۈرۈشۈپ كىرىدۇ. ئىچكىرىدىن پاتەمخان بىلەن تۇرغان بىر ـ بىرىگە مەنلىك قارىشىۋالىدۇ، تۇرغان ئۆزلىرىنىڭ تەييار ئىكەنلىكىنى كۆز ۋە باشقا شەرەتلەر بىلەن ئۇقتۇرىدۇ.)

پاتەمخان: (تۇرغانغا قاراپ)

ئاق يوللۇق بولۇڭلار،

ئاق يوللۇق بولۇڭلار.
ئىشىڭلار ئىلگىرى بولسۇن،
يۈزۈڭلار يورۇق بولسۇن.
كېلىن ئايىغى ياراشسۇن،
كەلگەن يولى ئاق بولسۇن.

(بوپا كۆتۈرۈپ كەلگۈچىلەرنىڭ ئىككى بىلىكىگە ياغلىق باغلايدۇ. شۇندىن كېيىن ئۇلار ساندۇق، بوپىلارنى قويۇپ، قايتىپ تالاغا تەرەپكە چىقىپ كېتىدۇ. تۇرغان پاتەمخاننىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ باشقىلاردىن ئايرىلىپ قالىدۇ.)

پاتەمخان: (بوش ئاۋازدا) ھە، تۇرغان، ئىشىڭلار قانداق؟

تۇرغان: جايىدا، شاڭيۇنىڭ ئۈچ ئىتىنى ئىگەرلەپ كۆزلەكتىكى ئەسكى تامغا ئاپىرىپ قويدۇق.

پاتەمخان: نۇرلار ھازىر قەيەردە؟

تۇرغان: نۇر بىلەن ئامانتاي مۇشۇ تۇرقىدا (باغ تەرەپنى شەرەت قىلىپ) باغدا مۆكۈپ ياتىدۇ. ھېلىقى ئىشنى توغرىلىيالىدىڭىزمۇ؟

پاتەمخان: ھەئە، مەن قىز يەڭگىسى بولۇپ تەيىنلەندىم.

تۇرغان: ياخشى، جايىدا.

پاتەمخان: يائاللا. (مەيدىسىنى تۇتۇپ) تۇيۇپ قالسا قانداق قىلارمىز. شاڭيۇ ھەممىمىزنىڭ قېنىنى ئىچىدۇ.

تۇرغان: خاتىرجەم بولۇڭ. بىز سىزگە گەپ كەلتۈرمەيدىغان قىلىپ ئىشنى توغرىلايمىز.

پاتەمخان: نېمە بولسا مەيلى، سىلەر سەگەك بولۇپ تۇرۇڭلار. سېيىت ئۆيگە كىرگۈچە مەن غۇنچەمنى باشلاپ چىقىمەن.

تۇرغان: ھەببەللى، جايىدا. (تالاغا چىقىپ كېتىدۇ. تاشقىرىدا قىزنىڭ يىغا ئاۋازى، كېيىن ئات، ھارۋا ۋە كىشىلەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. ئىككى ئەر كىشى غۇنچەمنى زىلچىغا سېلىپ كۆتۈرگەن ھالدا 3 ـ 4 خوتۇن كىرىدۇ. شەرۋان ئۆكە تۇتۇلغان چاپان، بېشىغا ئالتۇن قاداق ۋە تىترەپ تۇرىدىغان ئالتۇنگۈل قادالغان بۆك كىيگەن ھالدا بىر نەچچە خوتۇن بىلەن ئايۋان ئىشىكىدە

تەكەببۇرانە كۈتۈپ تۇرىدۇ. ھويلىغا قورايدىن گۈلخان سېلىنىدۇ. پاتەمخان، يەنە ئۈچ خوتۇن غۇنچەم ئولتۇرغۇزۇلغان زىلچىنىڭ تۆت ئۇچىدىن تۇتۇپ چىن قىچقىرىدۇ.)

يىغلىما قىز، يىغلىما تويۇڭ بولدى،
كىمخاپ گۈللۈك كۆشۈگە ئۆيۈڭ بولدى.

يىغلىما قىز، يىغلىما خۇش بولۇرسىز،
قارچۇغىدەك يىگىتكە دوست بولۇرسىز.

يىغلىما قىز، خۇش بولغىن تويلىشىڭدۇر،
ئالتۇن بويلۇق گۈل يىگىت سىردىشىڭدۇر.

يىغلىما قىز، يىغلىما بەختىڭ بولۇر،
ئالتۇن گۈللۈك كۆشۈگە تەختىڭ بولۇر.

يىغلىما قىز، ساڭا بۈگۈن بەخت بېقىپتۇ،
كۆشۈگەڭگە ئالتۇندىن مىخ قېقىپتۇ.

ئاپتۇۋىدا سۇ قۇيسام ئىلمايدۇ،
قىز ئانىسى ئۆگەيمىكىن يىغلىمايدۇ.

(ھېلىقى ئىككى ئەر كىشى زىلچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن تۇتۇپ غۇنچەمنى لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان ئوت ئۈستىدىن ئۈچ قېتىم ئايلاندۇرۇپ ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىشىدۇ. قالغانلار ئارقىسىدىن كىرىدۇ. قىزنىڭ يىغانلىق يۈرەك دولقۇنى ۋە سىرلىق چىملىقنى ئىپادە قىلغۇچى مۇزىكا. قارىياغاچنىڭ تۈۋىگە ئېھتىياتلىق بىلەن نۇرۇم كېلىپ ئىچكىرىنى تىڭشايدۇ.)

نۇرۇم: (تەنە بىلەن) يىغلىما قىز، خۇشال بولغىن تويلىشىڭدۇر، ئالتۇن بويلۇق گۈل يىگىت سىردىشىڭدۇر. ھىم! ئالۋاستىلار!... كىم بىلەن كىم

سىرداش ئىكەنلىكى (مۆشتۈمىنى تۇرۇپ ئالغا سوزىدۇ) ھازىر سىلەرگە ئاشكارا بولىدۇ. جازانىخورنىڭ ماڭقىسى ھېچقاچان غۇنچەمگە «ئالتۇن بويلۇق گۈل يىگىت» بولالمايدۇ. (پاتەمخان ئىچكىرىدىن چىقىپ ئەتراپىغا ئەنسىرەپ قارايدۇ) پاتىمىدە، پاتىمىدە!

پاتەمخان: (نۇرۇمنى كۆرۈپ كېلىپ) نۇرۇممۇ سەن؟

نۇرۇم: ھەئە. (قولى بىلەن شەرەت قىلىدۇ، پاتەمخان ئۇنىڭ يېنىغا بارىدۇ)

پاتەمخان: تەييارمۇ سىلەر؟ تۇرغانلار قېنى؟

نۇرۇم: ھەئە تەييار، كۈتۈپ تۇرىمىز. تۇرغان ئەتراپنى بايقاپ يۈرىدۇ. ئامانتاي بولسا ئەنە، شاپتۇللۇقتا مۆكۈپ تۇرىدۇ.

پاتەمخان: غۇنچەم ئەنسىرەپ بۆلەكچىلا، بىسەرەمجان بولۇۋاتىدۇ. ئۆزىنىڭمۇ ساقلىقى يوق. شۇ بالىنىڭ يۆتىلى تۇتۇپ قاپتۇ.

نۇرۇم: بىزنىڭ مۇشۇ يەردە ئىكەنلىكىمىزنى ئۇقتىمۇ؟

پاتەمخان: ئۇقتى، مەن ھەممە ئىشتىن خەۋەردار قىلىپ تۇرىمەن.

نۇرۇم: پاتىمىدە، بىز سىلىگە تاغدەك ئىشىنىمىز، ئۆي ئىچى جىمىمىدىمۇ تېخى؟

پاتەمخان: ھازىر ھەممىسى بوتقا ئاش ئىچىشىۋاتىدۇ.

نۇرۇم: مۇشۇ پەيت ئەمەسمۇ؟

پاتەمخان: ياق، ھازىر ئايۋاندىمۇ، مېھمانخانىدىمۇ كىشى جىق. ئىچكىرىكى ئۆيدە شاڭيۇ بىلەن لوزۇڭ بار. ئۇنىڭ ئىككى يايىسى ئايۋاندا ئاچ قالغان مولۇنلاردەك مارىشىپ يۈرىدۇ.

نۇرۇم: ئۇ تىرىكتاپلار شەھەرگە كىرىپ كەتمەمدىكىنە؟

پاتەمخان: لوزۇڭ شاڭيۇنىڭكىدە قونىدىكەن.

نۇرۇم: ئۇلار نەشىنى چېكىۋېرىپ، ھېلىلا كومشىيىدۇ. غۇنچەمنى باشلاپ چىقىۋېرىش كېرەك.

پاتەمخان: يەنە ئازراق سەۋر قىلىپ تۇرۇڭلار. بوتقا ئاشمۇ ئىچىلىپ بولغاندۇ. كىشىلەر بىر ئاز سېلىكسۇن. (ئىچكىرىدىن غۇنچەمنى كۆچۈرۈپ كەلگۈچىلەر قايتىپ چىقىشىدۇ. نۇرۇم ئۆزىنى دالدىغا ئالىدۇ. پاتەمخان بىر ئاز ھودۇققاندەك بولۇپ ئايۋانغا كىرىپ كېتىدۇ).

باسـت: (قـايتقۇچىلارنى ئۆزنىـپ) ئاغىچا ئەتە ھەممىڭلارنىڭ چىللاققا كېلىپ بېرىشىڭلارنى تەكلىپ قىلدى.

قـايتقۇچىلار: ئوبدان، بولىدۇ، (سەھنە جىم، مۇزىكا. نۇرۇم يەنە بىتاقەت كۆرۈنىدۇ. ئاسماندا بىر پارچە قارا بۇلۇت ئاستىدىن ئاي ئاستا چىقىشقا باشلايدۇ.)

نۇرۇم: ئەتتەڭەي، ئەمدى چىقسا بولاتتى. (ئامانتاي كېلىدۇ)

ئامانتاي: نۇر، نې بولۇپ جاتىر؟

نۇرۇم: تىش... (قولىنى ئارقىسىغا سوزىدۇ) ئەنە ئۇلار چىقىپ كېلىۋاتىدۇ. (پاتەمخان توي كىيىمى بىلەن تولۇق بېزەلگەن غۇنچەمنى باشلاپ چىقىپ كېلىدۇ).

غۇنچەم: نۇرۇم!... (ئۆزىنى نۇرۇمنىڭ قۇچىقىغا ئېتىپ ئۆپكىدەيدۇ.)

نۇرۇم: جېنىم غۇنچەم. (غۇنچەمنىڭ بېشىنى سىلايدۇ) بولدى، يىغلىماڭ، سىز ئۈچۈن جېنىم پىدا. (غۇنچەم مەيدىسىنى تۇتۇپ يۆتىلىدۇ) نېمە بولدى، يۆتىلىپ قاپسىزغۇ؟

غۇنچەم: يۈرىكىم...

نۇرۇم: غۇنچەم، ئەمدى قۇتۇلدىڭىز. بىز ئۈچۈن دوزاخقا ئايلاندۇرۇلغان بۇ مەھەللىدىن كېتىپ، تاغ ئارىلىرىدا ئەركىن كۈن كەچۈرىمىز.

پاتەمخان: بولدى جېنىم بالىلىرىم، بۇ يەردە تۇرماڭلار، قېچىڭلار! (تۇرغان كېلىدۇ)

تۇرغان: پاتىمىدە بالاغا قالماسلىقىڭىز ئۈچۈن سىزنى باغلاپ قويۇپ كېتىمىز. (تاشقىرىدا سېپىتنى قىزنىڭ يېنىغا كىرگۈزۈپ قويۇش ئۈچۈن كېلىۋاتقان يىگىتلەرنىڭ ئاۋازى كېلىدۇ)

تۇرغان: ۋاي تاپقان ئەقلىڭلاردىن ئۆرگىلەي، سېپىتنى ئېلىپ كېلىشىۋاتىدۇ. چاپسان بولۇڭلار. مانا باغلاڭلار، كېتىڭلار. (قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ تۇرىدۇ، ھەممىسى ئالدىراپ كېلىشىدۇ).

تۇرغان: ئامانتاي، جېڭگىنىڭ قولىنى بايلا، نۇر پوتاڭنى شەش! (ئامانتاي ئالايتەن بېلىگە ئورىۋالغان ئارغامچا بىلەن پاتەمخاننىڭ قولىنى باغلايدۇ. تۇرغان نۇرنىڭ پوتىسى بىلەن ئاغزىنى تاڭىدۇ)

ئامانتاي: ھەي قايران جېكېشسە، بىزگە تاماق جاساپ بەرگەن قولىڭدى ئۆزىمىز بايلادىققۇي. (پاتەمخاننى قارىياغاچقا باغلاپ قويۇشىدۇ)

غۇنچەم: جېنىم پاتىمىدە، قىلغان ياخشىلىقلىرىڭىزنى ئۆلسەمۇ ئۇنتۇمايمەن. خوش، تىرىك بولساق بىر كۈنى كۆرۈشەرمىز! (پاتەمخاننى سۆيىدۇ. ھەر ئىككىسىنىڭ كۆزىدىن ياش قۇيۇلىدۇ. تاشقىرىدىكى ئاۋازلار يېقىنلىشىدۇ.)

تۇرغان: پالاكەت باستى، قېچىڭلار! ئامانتاي، سەن ئالدىدا ئېتىز ئارىلاپ ماڭ، مەن كەينىڭلاردىن بايقاپ ماڭىمەن.

(مۇزىكا)

نۇرۇم: خوش، مېھرىبان پاتىمىدە، ئامان بولۇڭ!

غۇنچەم: خوش!... (ئۇلار كېتىدۇ. پاتەمخان بېشىنى لىڭشىتىپ قالىدۇ. بىر ئاز جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ، مۇزىكىنىڭ ئاۋازى ئۆزگىرىدۇ. تاشقىرىدىن 3 ـ 4 يىگىت بىلەن سېپىت كىرىدۇ.)

2 ـ يىگىت: ئىككى ئۇچىنى يوقىتىپ چىڭ چىگىۋەتتىم. (قولىياغلىقنى سېپىتنىڭ بوينىغا چىگىپ قويىدۇ) قىز قولى بىلەن ھەرگىز يېشەلمەيدۇ. چىشىڭىز بىلەن يېشىڭ ـ دە، جۇمۇ.

يىگىت قولدىشى: ياغلىقنى چىشلىگەندە مەڭزىگە چوككىدە بىرنى سۆيىۋالسەن. شۇنىڭ بىلەن يۇزۇڭلار ئېچىلىدۇ.

1 ـ يىگىت: ھەم بىر ـ بىرىڭلارغا ئىسسىق ئۆتۈشىدۇ، دېمەمسەن.

ھېزىم: بىزگە قىلغان قوپاللىقىڭنى قىزغا قىلساڭ، كۆڭلى توڭلاپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىستىمەن دەپ چىلىتەك ئېتىپ ئاشكۆكىلىرىڭنى سەپكەن بىلەنمۇ ئېرىمەيدۇ.

يىگىت قولدىشى: جۇرۇڭلار، ئەمدى سېپىتجاننى قىزنىڭ يېنىغا ئەكىرىپ قويايلى. (ئىشىك تۆۋىگە كەلگەندە ئىشىكنى يەنە بىر يەڭگىسى تاقىۋالىدۇ. يىگىتلەر رەخت ياكى پۇل بېرىپ بىر ئاز سودىلىشىپ، ئىشىكنى ئېچىپ ئىچكىرى كىرىپ كېتىدۇ، يىراقلاردا ئىتلار قاۋايدۇ. مۇزىكا ئەنىسىز ئاۋازدا

ئوينايدۇ. ئاندىن كېيىن ئىچكىرىسىدە ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ كۆتۈرۈلۈپ يىگىتلەر قالايمىقان چىقىدۇ.)

يىگىت قولدىشى: قىز نەگە كەتتى ـ ھە؟

ھېزىم: كۆشۈگىدە بولمىغاندىن كېيىن جېنىنى بىر ياققا ئالدى ـ دە، ئۇ قىز.

يىگىت قولدىشى: جېنىنى بىر ياققا ئېلىپ، بىر كىشى ئۇنى بوغۇزلىماقچىمىكەن. ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە ھېزىم.

ھېزىم: ھوي، مەن ھاشىمباينىڭ ئىنىسى دەپ تولا يوغان سۆزلىمە، قاچقاندۇ دېگەن گەپ.

1 ـ يىگىت: گەپ تالاشماڭلار، قىزنى ئىزلەش كېرەك. (شەرۋان ئوغۇل يەڭگىسى بىلەن چىقىپ كېلىدۇ.)

شەرۋان: مەشرەپ، ھوي مەشرەپ قېنى سەن؟

مەشرەپ: (كۆزىنى ئۇۋۇلاپ چىقىپ) نېمە، نېمە بولدى ھەدە؟

شەرۋان: نەدە ئۇخلاپ قالدىڭ، ئاپاڭ نەگە كەتتى؟

مەشرەپ: تاڭەي، ئاشخانىدا ئۇخلاپ قاپتىمەن.

شەرۋان: ئىزلە، ھازىر تاپ. (مەشرەپ ھودۇقۇپ ئارقىغا كېتىدۇ) شەرمەندىلەر نەگە كەتكەندۇ. (ھەر تەرەپنى ئىزلىشىدۇ. يىگىت قولدىشى پاتەمخاننى كۆرۈپ قالىدۇ.)

يىگىت قولدىشى: ماياققا كېلىڭلار، ھاي ماياققا، يەڭگىسى مايەردە باغلاقلىق تۇرىدۇ. (ھەممىسى پاتەمخاننىڭ ئەتراپىغا توپلىنىدۇ. شاڭيۇ قىلىچلىق ئىككى ياپى بىلەن چىقىپ كېلىدۇ.)

شاڭيۇ: نېمە گەپ، بۇ قانداق ئىش؟ يېشىڭلار بۇنى! (پاتەمخاننى يېشىدۇ) ھەي جەددال، قىز قېنى، سېنى كىم باغلاپ قويدى؟

پاتەمخان: .......

شەرۋان: ھوي لالمى، جاۋاب بەرمەمسەن؟ (تېپىدۇ)

پاتەمخان: .......

ھېزىم: بۇرۇقتۇم بولۇپ ھالىدىن كېتىپتۇ. يەنە سوراق سوراۋېرەمسىلەر پاتىمىدەمدىن.

شاڭيۇ: (ھېزىمگە) سەن بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرسەن؟

ھېرىم: ئۇتتۇز ئوغۇلنىڭ گۈلى بىز شاڭيۇكا!

شاڭيۇ: يوقال مېنىڭ ھويلامدىن، ھېلى نېمە ئىكەنلىكىڭنى كۆرسىتىپ قويىمەن بىكار.

ھېرىم: (چىقىپ كېتىپ بېرىپ، يوشۇرۇن ئاۋازدا ئۆز ـ ئۆزىگە) ئەقىللىك قىز ئۆز جايىنى تېپىپتۇ.

شەرۋان: (يەڭگىگە) ئۆزلىرى نەدە قالدىلا... گەپ قىل ھوي، ئاغزىڭغا سامان تىقىۋالدىڭمۇ؟

يەڭگە: غۇنچەمنى پاتەمخان ھاجەتكە ئاچىقىپ كەتكەنىدى.

شەرۋان: بۇ پەقەت نۇرنىڭ ئىشى، غۇنچىنى پايلاپ تۇرۇپتىكەن دۆيۈز.

شاڭيۇ: ئەستاغپۇرۇللا!

1 ـ يايى: توغرا بۇ خوتۇننى باغلاپ قويۇپتۇ ـ دە، قىزنى ئېلىپ قېچىپتۇ.

2 ـ يايى: ۋارقىراپ كەتسە كىشىلەر تۇيۇپ قالىدۇ، دەپ قاراڭلار ئېغىز ـ بۇرنىنى تېڭىۋەتكىنىنى، ناھايىتى يامان ئوغرىكەن ئۇ.

شاڭيۇ: خەپ نۇر، بىر قوشۇق قېنىڭنى ئىچمىسەم توختاپ تۇر. مەشرەپ، باستىنى قىچقار. پۈتۈن ئونبېشىلەر بىلەن ئاتلانسۇن. (مەشرەپ ماڭىدۇ) يۇگۇر چاپسان! (مەشرەپ يۇگۇرۇپ كېتىدۇ، يىگىت قولدىشىغا قاراپ) يۇگۇر سەن بېرىپ ھاشىم ئاكاڭنى قىچقىرىپ كەل. (يىگىت قولدىشى يۇگۇرۇپ چىقىپ كېتىدۇ، يايىلارغا قاراپ) سىلەرمۇ ئاتلىرىڭلارنى توقۇڭلار، مەن لوزۇڭ بېگىمدىن بۇيرۇق ئاچىقىپ بېرىمەن. ھارامزادىلەرنى قوغلاپ تۇتۇش كېرەك. يەرنىڭ قەرىگە كىرىپ كەتكەن بولسىمۇ سۆرەپ چىقىش كېرەك. ئەستاغپۇرۇللا (ساقىلىنى سىقىملايدۇ)، نېمە دېگەن رەسۋاچىلىق ھە؟!... (ھەممىسىگە ئالىيىپ قارايدۇ. شەرۋان زەھەرلىك تۇس ئالىدۇ. باشقىلار قورقۇپ ئارقىسىغا داجىيىدۇ، پەردە چۈشىدۇ.)

## ئۈچىنچى پەردە
## 2 ـ كۆرۈنۈش

ئۆمەر شاڭيۇنىڭ ھويلىسى، ۋاقىت كەچكۈز بولۇپ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى سارغايغان، ئۇ يەر ـ بۇ يەردە خازانلار توپلانغان، غۇنچەم ئېغىر

سىل بىلەن ئاغرىق. ئۇنىڭ بىلەكلىرى باغلانغاندا چىگە پېتىپ يارا بولۇپ قالغان جايلىرى ۋە يۈزىدىكى قامچا يېرىۋەتكەن يارىسى تېخى ساقىيىپ كەتمىگەن، غۇنچەم پېشايۋاندىكى بىر پارچە بورا ئۈستىدە تامغا يۆلەنگەن ھالدا غەمكىن ناخشا ئېيتىدۇ.

سەن تىرىك دەمسەن مېنى،
مەنغۇ تىرىك ئۆلگەندىمەن.
تىرىك ئۆلگەن يارىمنىڭ،
ئوتىدا كۆيگەندىمەن.

مەن ئۆلۈپ تۇپراقتا ياتسام،
كىم مېنى ياد ئەيلىسۇن.
دوستىلىرىم غەمكىن بولۇپ،
دۈشمەنلىرىم شاد ئەيلىسۇن.

ئۇھ جېنىما! (كالتە يۆتىلىپ مەيدىسىنى تۇتىدۇ) رەھمەتلىك ئاپا! شۇم پېشانە قىزىڭنى نېمىشقىمۇ تۇغقان بولغىيدىڭ. قىزىم مۇشۇنداق قارا كۈنلەرگە قالار دەپ ئويلىمىغانسەن، ئەگەر ئويلىغان بولساڭ، نۇرۇم ئىككىمىزنىڭ بەختىنى چوڭ توي قىلىمەن دەپ توسۇپ قويماس ئىدىڭ، خەير. قورۇنما ئاپا! يەرلىكىڭدە تىنچ يات. نۇرۇملار سولاقتا نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتىدىغاندۇ... ئىست تەلەيسىزلىك. (كالتە يۆتىلىدۇ) ئۇ يۈرىكىم. (ئىچكىرىدىن شەرۋان ياسىنىپ پاتەمخان بىلەن چىقىدۇ.)

شەرۋان: دۇنيادا ھەرقانچە ئەخمەق بولسا، سېنىڭچە بولماس، قانچە كۈن ئاچتىن ـ ئاچ قوتانغا سولىنىپ كالىلار بىلەن ياتتىڭ، باغلىنىپ ئىتتەك سۆرەلدىڭ، قارىياغاچقا ئېسىلدىڭ، ئۆلگۇدەك قامچا يېدىڭ، يەنە نۇرنى ئاغزىڭدىن چۈشۈرمەيسەنغۇ؟

غۇنچەم: نۇرۇم مېنىڭ بۇلبۇلۇم، مەن ئۇنىڭ باغرى قان غۇنچىسى، تىلىم سۆزگە كېلىدىكەن، مەن ئۇنى ئاغزىمدىن چۈشۈرمەيمەن.

شەرۋان: تىلىڭ كېسىلمىسۇن يەنە.

غۇنچەم: ئەمدى قورقىدىغان ھېچ يېرى قالمىدى. تىلىمنى كېسىپ تاشلىساڭلار، دىلىمدا ياد قىلىمەن.

شەرۋان: مەن ئارا بولمىسام، شاڭيۇ ئاتاڭ ئاتقۇزىۋېتەتتى. نۇر ئۆمۈرلۈك سولاققا ھۆكۈم قىلىنىپ تىرىك قالدى، سەن سولاققىمۇ چۈشمەي تاياق بىلەن قۇتۇلدۇڭ.

غۇنچەم: سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا خار ـ زار بولۇپ قالغۇچە ئۆلگىنىمىز ئارتۇق ئىدى.

پاتەمخان: (شەرۋاننىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ كۆز يۇمچىقلاپ) چوڭلار بىلەن گەپ تالىشىپ نېمە قىلىسەن قىزىم، كېسەل بولغاندىن كېيىن ئەھۋالغا قاراپ ئىش قىلساڭ بولىدۇ.

شەرۋان: تىرىك قالغىنىغا شۈكۈر قىلمايدۇ، جۇۋاينىمەك! (غۇنچەم قىسقا ـ قىسقا يۆتىلىدۇ) شاڭيۇ ئاتاڭدىن دۇئا ئال. ئېرىڭنىڭ ئايىقىغا يىقىل، قىلغان گۇناھلىرىڭغا تۆۋا قىل، شۇ چاغدىلا ساقىيىسەن.

پاتەمخان: بۇلار بولسا نادان، تېخى ياش، ياخشى ـ يامانىنىڭ تېگىگە يەتمەيدۇ، مۇشۇ بالىنىڭ ئەھۋالى كۆندىن ـ كۈنگە ئوساللىشىپ كېتىپ بارىدۇ، ئەلۋەتتە ئاجىزنىڭ قاياشى ئاجىز، مۇشۇنىڭ ئاستىغا بىر كۆرپە سېلىپ، بېشىغا بىر ياستۇق قويۇپ بەرسەك بولاتتى.

شەرۋان: قىلغان ياخشىلىقنىڭ قەدرىنى بىلمەدۇ، بۇ بۇزۇق.

پاتەمخان: بۇ بىلمىسە خۇدايىم ئۆزى بىلەر، ئەمدى بىر كەڭچىلىك قىلسىلا خېنىم ئاغىچا.

شەرۋان: بوپتۇ، سېپىتىنىڭ ھۇجرىسىدىن بىر كۆرپە ـ ياستۇق ئاچىقىپ بېرىڭلار. مەن ھاشىمباينىڭ ئۆيىگە مەسلىھەت چايغا بارىمەن. ئوغرى ـ يالغان ۋاقتى، مەشرەپ ھويلا ـ ئارامغا ياخشىراق قارىسۇن.

پاتەمخان: ئوبدان، مەن دەپ قوياي. (شەرۋان تالا تەرەپكە چىقىدۇ. پاتەمخان ئىچكىرى كىرىپ، كۆرپە ـ ياستۇق ئېلىپ چىقىپ غۇنچەمنى كۆرپىگە ئولتۇغۇزۇپ ياستۇققا يۆلەپ قويىدۇ.)

غۇنچەم: بىكار قىلدىلا جېنىم پاتىمىدە، بۇنى.

پاتەمخان: جېنىڭ يامان قىينىلىپ كەتتى بالام. پۇت ـ قولۇڭنى سۇنۇپ يۇمشاققىنا بىردەم ئارام ئال.

غۇنچەم: مەن بەربىر بۇ كېسەلدىن ساقىيىپ كېتەلمەيمەن، پاتىمىدە. كاشكى نۇرۇمنى بىر كۆرسەم ئىدى. (كۆزىگە ياش كېلىدۇ.)

پاتەمخان: بۇ باغرى تاشلار، سېنىڭ كۆز ياشلىرىڭغا قارىمىدى. ئاھ ـ زارىڭ بىر كۈنى تەڭرىگە يېتەر، نۇرنىمۇ كۆرۈپ قالارسەن، تولا ھەسرەت چېكىۋەرمە قىزىم، ئۆزۈڭنى ئايا. (غۇنچەمنىڭ بىلىكىدىكى يارىنى كۆرۈپ) تووۋا، دۇنيادا ئاجايىپ رەھىمسىز ئادەملەر بار ـ دە، قىز بالىنى مۇشۇنچە يارا بولۇپ كەتكۈچە باغلىغان بارمۇ، ئاناڭ رەھمەتلىك بۇ بىلەكلىرىڭگە قىپقىزىل مارجانلارنى ئوراپ قويىاتتى. مانا ئەمدى ھەممە يېرىڭ يارا، قاچقانچە قۇتۇلۇپ كەتكەن بولساڭلارغۇ، مۇنچە ئازابلارنىمۇ كۆرمەس ئىدىڭلار.

سېيىت: (قەپەزدە كەكلىك كۈتۈرۈپ كىرىپ) مەشرەپ، ھاي مەشرەپ، قېنى سەن، چاپسان ماڭ!

مەشرەپ: (قولىدا ئاتىنىڭ نوقتىسىنى كۆتۈرۈپ باغ تەرەپتىن كىرىدۇ) نېمە بولدى، ئالتۇن توشقان تۇتۇۋالغاندەك ۋارقىراپ كەتتىڭغۇ؟

سېيىت: خۇش خەۋەر. (قەپەسنى ئېگىز كۆتۈرىدۇ) بۈگۈن مېنىڭ كەكلىكىم باراتنىڭ كەكلىكىنى قاچۇردى.

مەشرەپ: ھە شۇمىدى، مەن تېخى سېيىت نوچى ئوغرى قاچانىڭ تېغىنى ئۆرۈۋەتتىمىكىن دەپتىمەن.

سېيىت: خۇشاللىقىمدىن سەن قەلەندەرگە ئېيتقان ئىسىت ئاغزىم.

پاتەمخان: ھوي بايۋەچچە، بۇ قەلەندەرلىك قىلىپ كوچىدا نان تىلەپ يۈرگىنى يوق، بىر پارچە نان ئۈچۈن ئانا ـ بالا ئىككىمىز كېچە ـ كۈندۈز ئىشلەۋاتىمىزغۇ.

سېيىت: ئەمىسە بىزنىڭ ناننى بىكارغا يېيىشەتتىڭمۇ؟

مەشرەپ: كەچكىچە ئىت تالاشتۇرۇپ، قورغۇي ئويناپ، كەكلىك سوقۇشتۇرۇپ يۈرۈپ، تەييار ناننى سېيىتجانلار يەيدىكەن ـ دە.

پاتەمخان: ھە، «ئاتام مازارغا شەيخ، مەن تەييارغا شەيخ» دېگەن شۇ.

سېيىت: پېشانەڭگە يېزىلغان بولسا، سەنمۇ شۇنداق قىلاتتىڭ.

مەشرەپ: تۇتقىنا سېيىتجان پېشانەڭنى، خەت تونۇمساممۇ، قەيېرىڭگە يېزىلغانلىقىنى سىنچىلاپ بىر قاراپ باقاي. (سىنچىلاپ قارايدۇ.)

سېيىت: تېشىغا يېزىلاتتىمۇ، ئۈستىخاندا بولىدۇ.

مەشرەپ: (سىيىتنىڭ پېشانىسىنى قولى بىلەن سىلاپ) ھېچنېمە يوق، سىپسىدامغۇ؟

پاتەمخان: بىمەنە گەپ قىلىشما، يامان بولىدۇ.

سىيىت: ماڭە ـ ماڭە، سەن بىلمەيسەن. (مەشرەپنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋېتىپ نېرىدىن غۇنچەمنىڭ بېشىدىكى ياستۇقنى كۆرىدۇ، قەپەسنى مەشرەپكە بېرىدۇ. مەشرەپ ئۇنى ئىچكىرىگە ئېلىپ كېتىدۇ، سىيىت پېشايۋانغا كېلىپ) بۇ ئۆلۈككە مېنىڭ پەي ياستۇقۇمنى كىم قويۇپ بەردى؟

پاتەمخان: ئاپاڭ.

سىيىت: بىكار گەپ، بۇ پەسىنىڭ قىزىنىڭ ئەمدى مېنىڭ ياستۇقۇمغا بېشىنى قويۇشىنى ئاپام راۋا كۆرمەيدۇ. (غۇنچەم يۆتىلىپ كېتىدۇ.)

پاتەمخان: ھوي، ھەر ھالدا غۇنچەم سېنىڭ نىكاھىڭدىغۇ؟

سىيىت: نۇر بىلەن قاچقان بۇزۇقنى مەن ئالىلىقاچان قويۇۋەتكەن. قولىنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتقىنىم يوق. ئەمدى بۇ مېنىڭ خوتۇنۇم ئەمەس. مۇشۇ ئۆينىڭ قۇلى. (غۇنچەمگە دېۋەيلەپ) راستمۇ، گەپ قىل ھەي ئۆلۈك.

غۇنچەم: (غەزەپلىنىپ) ساڭا گەپ قىلىدىغان تىلىم يوق، ئال مەرەز ياستۇقنى، چېكەڭگە تاڭ! (پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ ياستۇقنى سىيىتنىڭ بېشىغا ئېتىپ دوم چۈشىدۇ. سىيىت غۇنچەمنىڭ ياقىسىنى ئىككى قولى بىلەن تۇتۇپ تىزلاندۇرىدۇ.)

سىيىت: كانىيىڭنى مانا مۇشۇنداق سىقىپ جېنىڭنى چىقىرىۋېتىمەن، سىل كېسەل ئۆلۈك.

پاتەمخان: (سىيىتنىڭ قولىنى تارتىپ) بۇ بالىنى سىل قىلىۋەتكەن ئۆزلىرىڭ ئەمەسمۇ؟! ئەمدى بىر يولىلا ئۆلتۈرەي دەمسەن بىچارىنى، قويۇۋەت دەيمەن ھوي تەلۋە!

سىيىت: مانا قويۇۋەتتىم. (غۇنچەمنى ئىرغىتىپ پېشايۋاندىن تۆۋەنگە ئىتتىرىۋېتىدۇ) مانا ئەمدى ساقىيىسەن. ھا... ھا... ھا... (كۈلىدۇ)

پاتەمخان: ۋاي خۇدايىمەي، ئەمدى قانداق قىلارمەن. (يۈگۈرۈپ چۈشۈپ غۇنچەمنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزىدۇ) ھوي بىرەھىم، قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولۇپ يەنە كۈلىسەنغۇ. قاراپ تۇرماي سۇ ئېپكە.

سېيىت: تېخى مەن بۇنىڭغا سۇ ئەكىلىپ بېرىمەن!؟ (تۆۋەنگە سەكرەپ چۈشىدۇ) مەن بۇنى هازىر هوشىغا كەلتۈرىمەن. (غۇنچەمنىڭ ئىككى چېچىدىن تۇتۇپ قارىياغاچنىڭ تۈۋىگە سۆرەپ كېلىدۇ.)

پاتەمخان: ۋاي خۇدايىمەي، ئۆلتۈرۈپ قويىدىغان بولدى. مەشرەپ، ۋاي مەشرەپ، يۈگۈر، چاپسان بول!

سېيىت: مانا، سېنىڭ جايىڭ مەيەردە، خازاننىڭ ئۈستىدە يۇمشاق يات. (غۇنچەمنى خازاننىڭ ئۈستىگە تاشلاپ مەيدىسىگە بىر ـ ئىككىنى تىزلىۋېتىدۇ. ئۇ هوشسىز بولۇپ ياتىدۇ.)

پاتەمخان: غالجىر ئىت. (سېيىتنىڭ كاچىتىغا بىر شاپىلاق ئۇرىدۇ.)

سېيىت: ۋاي ـ ۋاي ـ ۋاي زاڭقىم، ۋاي دەللە، (پاتەمخاننىڭ ياقىسىدىن سىقىپ) ئۇرۇشنى بىلمەيدىكەنسەن، مانا مانا. (مۇشتلاۋاتقاندا مەشرەپ چىقىدۇ)

مەشرەپ: هوي ماڭقا، ئاپامنى قويىۋەت. (نوقتا بىلەن سېيىتنى ئۇرۇپ ئاجرىتىپ ئىتتىرىۋېتىدۇ. سېيىت يىقىلىدۇ.)

سېيىت: (يىغلامسىراپ) توختاپ تۇر، سەن خۇمسىلارنىڭ بۇرنىنىڭ بېزىنى ئالمىسام.

پاتەمخان: خۇدا جاجاڭنى بەرسۇن زالىملار! (سىرتتىن شاڭيۇ بىلەن باستىنىڭ ئاۋازى كېلىدۇ. پاتەمخان بىلەن مەشرەپ چۆچۈپ قالىدۇ.)

شاڭيۇ: باستىت، ماڭا قارا، هېلىقى ياقۇپنىڭ سېتىلغان هارۋىسىنىڭ پۇلىنىمۇ قوشۇپ ئېپكەل.

باستىت: بولىدۇ، بولىدۇ شاڭيۇكا.

شاڭيۇ: (كىرىدۇ) يەنە نېمە گەپ؟

سېيىت: ماۋۇ قەلەندەرلەر ئىككىسى بىر بولۇپ مېنى ئۇرۇۋاتىدۇ.

پاتەمخان: هۆرمەتلىك شاڭيۇم! ماۋۇ بىچارە ئاجىزنى كۆرسىلە. (غۇنچەمنى كۆرسىتىدۇ) هاي بالام، ئۇنداق قىلما، ئۇۋال بولىدۇ دېسەم، ئۇنىماي كېسەلنىڭ دەستىدىن ئاران تۇرغان بالىنى بوغۇپ پېشايۋاندىن تاشلىۋەتتى، سۆرۈپ يۈرۈپ دەسسەپ مۇشۇ ئەهۋالغا كەلتۈرۈپ قويدى، قارىسىلا.

شاڭيۇ: (سېيىتقا) نېمىشقا ئۇنداق قىلىسەن؟

سېيىت: مېنىڭ ئورۇن ـ كۆرپەمنى بۇ كېسەلگە سېلىپ بېرىپ ئىپلاس قىلىۋېتىپتۇ، ئېلىۋالاي دېسەم باشلىرىمغا ئېتىپ ئېتىۋاتىدۇ.

شاڭيۇ: كىم ياستۇق قويۇپ بەردى؟ (پاتەمخانغا) سەنمۇ؟

پاتەمخان: يوغىسۇ، مەن ئەمەس، شەرۋانەمنىڭ رەھىمىسى كېلىپ قاپتىكەن، ئۆزى بۇيرۇق قىلدى.

شاڭيۇ: ئىززىتىنى بىلمىگەن بۇ ھارامزادە، قولغا كەلگەن بەخت ـ سائادەتنى ئۆزى ئاياغ ـ ئاستى قىلدى، «ئىت ۋاپا، خوتۇن جاپا» دېگەن مانا شۇ، بۇنىڭغا قىلىدىغان رەھىمنى ئىتقا قىلىش كېرەك.

پاتەمخان: (چەتكە قاراپ ئۆز ـ ئۆزىگە) قاغا ـ قاغىنىڭ كۆزىنى چوقۇمايدۇ.

سېيىت: ماۋۇ دەللە بۇنىڭغا بولۇشۇپ، (غۇنچىنى كۆرسىتىپ) تېخخ بىزنى زالىملار دەۋاتىدۇ.

شاڭيۇ: زالىملار؟ ھىم.... سەن لالما خوتۇنىڭمۇ نىيىتى بۇزۇق، (قولىنى غۇنچەمگە شىلتىپ) مانىڭغا ئوخشاش ئېرىگە خىيانەت قىلىدىغان، (پاتەمخانغا شىلتىپ) ساڭا ئوخشاش ناپاك خوتۇنلارنىڭ قەدىمى تەگىكەن يەردىن بەرىكەت ئۆچىدۇ، يوقال مېنىڭ ئۆيۈمدىن، (مەشرەپكە) سەن رودۇپايمۇ ئاناڭ بىلەن چىقىپ كەت بۇ يەردىن، (سېيىتقا) نەرسىلىرىنى ئاچىقىپ تاشلا. (سېيىت ئىچكىرىگە ماڭىدۇ، شاڭيۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كىرىپ كېتىپ بېرىپ) ئىلگىر ـ كېيىن مېنىڭ ئۆيۈمگە قەدەم باسقۇچى بولۇشما، توزكور قىلدىغانلار.

مەشرەپ: ئەمدى سېنىڭ ئۆيۈڭگە قەدەم باسقۇچە بىراقلا دوزاخقا قەدەم بېسىش كېرەك.

پاتەمخان: توۋا، ناپاك خوتۇنلار دېگىنىنى قارا، ئۆيۈڭگە بەرىكەت كىرگۈزىدىغان پاك خوتۇنلار شەرۋان ئاغىچىكەن ـ دە.

مەشرەپ: مەن شەرۋاننىڭ قانداق خوتۇنلۇقىنى بىلىمەن، ئۇنىڭ ئېپلاسلىقلىرىنى يالىداپ تۇرغان ئالتۇنلار يېپىپ تۇرىدۇ.

پاتەمخان: (غۇنچەمنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭ چۇۋۇلغان چاچلىرىنى تۈزەپ مەيۈسلىنىدۇ) ئىست، ئىگە ـ چاقىسى يوق قىزىم. (سېيىت بىر ئەسكى خۇرجۇن، بىر كونا كۆرەك جۇۋا، بىر جۇپ چورۇق كۆتۈرۈپ چىقىپ مەشرەپنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بېرىدۇ.)

سېيىت: ئالە، لاقا ـ لۇقاڭنى قەلەندەر. (قايتىپ كىرىپ كېتىدۇ. مەشرەپ نەرسىلىرىنى خۇرجۇنغا تىقىپ، غۇنچەمنىڭ يېنىغا بېرىپ بېشىنى تۆۋەن سالغان ھالدا جىم تۇرىدۇ.)

پاتەمخان: ئەجەب خورلانديك ئەقىللىك قىزىم، چىرايلىق، سومباتلىق، قارا كۆزۈم، ماڭا قارىغىنا، بىزدىنمۇ ئايرىلىدىغان بولدۇڭ، كۆزۈڭنى ئاچقىنا، دىدار كۆرۈشۈۋالايلى (كۆزىگە ياش كېلىدۇ).

شاڭيۇ: (ئىچكىرىدىن ئىششىك ئالدىغا چىقىپ) هەي لالمىلار! ئىتمۇ چاغ دىسە كېتىدۇ، نىمە بىزىرىپ تۇرۇشىسەن بۇ يەردە، كەت دېگەندىن كېيىن كېتىشمەمسەن!

مەشرەپ: (پاتەمخاننىڭ يېغىدىن تارتىپ) يۇر ئاپا، ئۇن نەچچە يىل ئىشلەپ، ئاخىرى ئىتقا ئايلىنىپتىمىز، كېتەيلى.

شاڭيۇ: تەنە گەپ قىلماي يوقال هارامزادە. (مەشرەپ بىلەن پاتەمخان كېتىشكە هازىرلىنىدۇ.)

مەشرەپ: شۇنچە يىل ئىشلەپ قۇرۇق قول چىقىپ كېتىمىزمۇ شاڭيۇكا؟

شاڭيۇ: (ئالدىغا ئىككى قەدەم مېڭىپ) نىمە، نىمە دېدىڭ؟

مەشرەپ: هەققىمىزنى بەرمەمسىز؟

شاڭيۇ: گېلىڭغا تاماق بىرىپ، ئۇچاڭغا كىيىم بىرىپ، چوڭ قىلىپ قويغىنىم ئۇچۇن يەنە هەق سورىماقچىمۇ سەن مۇتتەهەم؟ هازىر يوقال! بولمىسا كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن! (مەشرەپ بىلەن پاتەمخان مەيۈسلىنىپ ماڭىدۇ. چىقىپ كېتىۋېتىپ پاتەمخان غۇنچەم تەرەپكە قارايدۇ.)

پاتەمخان: خوش، بىچارە قىزىم ئامان بول، سېنىڭ بىلەن بىزنىڭ كۈنىمىزمۇ تۇغۇلار.

شاڭيۇ: يوقال دېدىم، يوقال! (پاتەمخان بىلەن مەشرەپ چىقىپ كېتىدۇ) ساڭا ئوخشاش يالاڭغىداقلاردىن بىرى كەتسە، مىڭى كېلىدۇ، بەچچىغەرلەرنى قارا تېخى! خېلى بىر نىمە دېگۈسى بار. (ئۆز ـ ئۆزىگە) «ئادەم بالىسىنى باقساڭ ئاغزى ـ بۇرنىڭنى قان ئېتەر، هايۋان بالىسىنى باقساڭ ئاغزى ـ بۇرنىڭنى ياغ ئېتەر» دېگەن راست گەپ ـ تە. (ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ. مۇزىكا قايغۇلۇق ئويناپ تۇرىدۇ، ئاستا ـ ئاستا كەچ كىرىپ، ئاسماندا يۇلتۇزلار، كېيىن ئاي كۆرۈنىدۇ. شامال چىقىپ قارىياغاچتىن غۇنچەمنىڭ ئۈستىگە خازانلار چۈشىدۇ، يىراقتا ئىتنىڭ ئەندىشىلىك هاۋشىغان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. غۇنچەم چاچلىرى چۇۋۇلغان، كۆزلىرى قورقۇنچلۇق تۇس ئالغان هالدا بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ، ئەتراپىغا ئەنسىزلىك بىلەن قارايدۇ.)

غۇنچەم: سۇ، سۇ! (كالپۇكلىرىنى يالاپ قولىنى سوزىدۇ، يەنە بېشىنى يەرگە قويىدۇ. سىرتتىن چېپىپ كېلىۋاتقان ئاتنىڭ تۇياق تىۋىشى ۋە ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى ئاڭلىنىپ دەرۋازا قېقىلىدۇ. ئىچكىرىسىدىن سېيىت چىقىدۇ.)

سېيىت: كىم، كىم ئۇ؟

ئاۋاز: (سىرتتىن) بىز ـ بىز، دەرۋازىنى ئاچ!

سېيىت: بىز، ... كىم سىلەر، بۇ كېچىدە نېمە ئىشىڭلار بار بۇ يەردە؟

ئاۋاز: بىز يامۇلنىڭ كىشىلىرى، زۆرۈر ئىش بىلەن كەلدۇق. (سېيىت چىقىپ دەرۋازىنى ئاچىدۇ. مىلتىق، قىلىچ ئاسقان ئىككى يايى كىرىدۇ.)

1 ـ يايى: شاڭيۇكام بارمۇ؟

سېيىت: بار.

1 ـ يايى: قىچا ـ قىچا.

سېيىت: ۋاي ـ ۋۇي. نېمانچىلا ئالدىراش؟ (ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ.)

2 ـ يايى: شاڭيۇكامنىڭ ھېلىقى ئەركە ئوغلى شۇمۇ ـ ھە؟

1 ـ يايى: ھەئە، تازا خام كاللا بىر نېمە.

2 ـ يايى: قازاقنىڭ ئاۋۇلىدىن ھېلىقى ئۈچى بىلەن باغلاپ ئەكەلگەن چىرايلىق قىزنى شۇنىڭغا ئېلىپ بەرگەن ئەمەسمۇ؟

1 ـ يايى: تېخىچىلا شۇنىڭ كاشىلىسىنى تارتىۋاتىمىز. (شاڭيۇ بىلەن سېيىت سىرتقا چىقىدۇ.)

شاڭيۇ: ھە، بۇ كېچىدە نېمە گەپ؟

1 ـ يايى: نۇر ئاغىنىسى تۇرغان، ئامانتايلار بىلەن يامۇلدىن قاچتى.

شاڭيۇ: قاچتى، مانا قارا، قاچان؟

1 ـ يايى: بۈگۈن ئىككى كۈن بولدى، 7 ـ 8 ئادەم ئىزلەپ يۈرىمىز.

شاڭيۇ: شۇنداق چىڭ يامۇلدىن قانداق قاچالايدۇ ـ ھە؟

1 ـ يايى: ئۇلارنى سى لويىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن، ئۇ سەل بوش قارىغان ئوخشايدۇ.

شاڭيۇ: مانا لوزۇڭ بېگىمنىڭ كۆزىدىن نېرى بولغان ئىش مۇشۇنداق بولىدۇ.

2 ـ يايى: بېگىم بۇ توغرۇلۇق دارىنغا ئېيتىپ، سى لويى بىلەن ئاچچىقلىشىپ قالدى.

شاڭيۇ: ئەمدى قانداق قىلدۇق بۇ كاساپەتلەرنى؟

1 ـ يايى: بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇ ئوغرىلار بۇگۈن كەچقۇرۇن مۇشۇ مەھەللە تەرەپكە كېتىپتۇ.

شاڭيۇ: مۇشۇ مەھەللىگە؟

1 ـ يايى: ھەئە، كۆرگەن كىشىلەر بار، شاڭيۇكا، ئەللىكبېشى ياردەم قىلمىسا، بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ، بىز ناھايىتى ئاۋارە بولۇپ كەتتۇق.

شاڭيۇ: (سېپىتقا) يۇگۇر ماۋۇ يىگىتلەرنى باستىنىڭگە باشلاپ بار، ئۇن بېشىلارنى يىغىپ مەھەللىنىڭ ئەتراپىنى ئىزلىشىپ بەرسۇن. (يايىلارغا) ئەزىمەتلەر، غەيرىتىڭلار كەم بولمىسۇن، قاچقۇنلارنى نەدىن بولسا تېپىڭلار، تاپان ھەققىڭلارنى دېگەندەك بېرىمەن.

1 ـ يايى: بېگىمنىڭمۇ تاپشۇرۇقى قاتتىق، بۇگۈن نەدە بولمىسۇن قولغا چۈشۈرمىسەك بولمايدۇ. (سېپىت بىلەن ئىككى يايى چىقىپ كېتىدۇ.)

شاڭيۇ: بۇ نېمە دېگەن ئەنسىزچىلىك ـ ھە، (غۇنچەم تەرەپكە قاراپ) ھەممە بالا سېنىڭ كاساپىتىڭدىن بولۇۋاتىدۇ. (ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ.)

غۇنچەم: ھە... ھە... ھـ...م، ھە... ھىم...! (ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ سەكرات ھالىتىدە ئىككى قولى بىلەن تورنىغان چېچىنى قارمايدۇ. نۇر باغ تەرەپتىن مارىلاپ كېلىدۇ.)

نۇرۇم: كىم بار بۇ يەردە؟

غۇنچەم: ئاھ ... ھىم... نۇرۇم....! (بىر قولىنى سوزىدۇ)

نۇرۇم: غۇنچەممۇ سىز؟ (غۇنچەمنىڭ بېشىنى مەيدىسىگە بېسىپ سىلايدۇ) جېنىم غۇنچەم، سىزنىڭ تارتقان ئازابىڭىزنى پاتىمىدەمدىن ئاڭلىدىم. (ئاي بىر پارچە بۇلۇت ئاستىغا كىرىدۇ.) لاپاستىكى بېدىگە ئوت قويۇۋەتتۇق. بۇ يىلان ـ چايانلارنىڭ ئۇۋىسى كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتسۇن، مەن سىزنى ھاپاش قىلىپ ئېلىپ كېتىمەن. ماڭا قاراڭ، كۆزىڭىزنى ئېچىڭ غۇنچەم. (غۇنچەمنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ، جان ئۈزگەنلىكىنى بىلىدۇ. مۇزىكا قايغۇلۇق ئوينايدۇ. نۇرۇم قايغۇ ـ ئەلەم ئىچىدە قالپىقىنى ئېلىپ، غۇنچەمنىڭ بېشىغا قويۇپ ئورنىدىن تۇرىدۇ، تۇرغان بىلەن ئامانتاي قوللىرىدا پىچاق تۇتقان ھالدا نۇرنىڭ يېنىغا كېلىدۇ.)

تۇرغان: نېمە بولدى؟

نۇرۇم: مېنىڭ قۇچىقىمدا جان ئۈزدى، (ئۇچى بېشىنى تۆۋەن سىلىپ جىم تۇرىدۇ) ئىسىت، ئېچىلماي تورىغان غۇنچەم.
ئامانتاي: چەنچىلگەن غۇنچا.

خور

(نۇرنىڭ دوستلىرى، دېهقانلاردىن بىر نەچچە كىشى، مەشرەپ ۋە ئۇنىڭ ئانىسى بىرلىشىپ ئېيتىدۇ.)

ئۈزۈلدى رىشتىدىن ئۈنچە،
ئېچىلماي توزىدى غۇنچە.
جاھان يوقسۇلغا گۆر بولدى،
زامانىنىڭ خوۋلۇقى شۇنچە.

تۇرغان: قېرىنداشلار! بۇ زالىمدىن ئىنتىقام ئېلىش كېرەك، ئىنتىقام ئالايلى!!... (كۆپچىلىك قوشۇلىدۇ.)

قىساس بىزگە قارار بولسۇن!
غەزەپلەر زۇلپىقار بولسۇن!
پاچاقلانسۇن زۇلۇم تەختى،
ئادالەت ئەلگە يار بولسۇن!

(سەھنىنىڭ ئارقىسىدىن ئوت يالقۇنى كۆرۈنىدۇ، ئوتنىڭ قىزىل نۇرى ئىچىدە نۇرۇم غۇنچەمنىڭ جەسىتىنى كۆتۈرۈپ ئالغا بىر نەچچە قەدەم ماڭىدۇ، پەردە چۈشىدۇ.)